
INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



'96

4

# 目　次　《中亚信息》

1996年第4期
(总第69期)


**法规**

哈萨克斯坦共和国关于经济特区的总统令 ……………………………… (3)
吉尔吉斯斯坦共和国破产法 ……… (8)
哈对进口商品征收增值税和消费税的实施细则 ……………………………… (13)
俄阿穆尔州实行新的税制 ………… (18)

**资料**

俄哈边境地区经贸关系发展的现状 ……………………………… (19)
哈经济逐趋稳定 ……………………… (24)
今日莫斯科市场 ……………………… (26)

**新成果新产品**

新疆毛纺织厂研制出防水呢绒产品 ……………………………… (28)
俄试产的农业成套设备打入欧洲 ……………………………… (29)

**边贸信息**

哈在里海找到新油田 ………………… (29)
吉尔吉斯斯坦市场的石油 ………… (30)
"有害进口"殃及吉尔吉斯斯坦企业 ……………………………… (31)
俄大幅度缩减钢材出口 …………… (32)
俄修改消费者权益保障法 ………… (34)
乌兹别克斯坦经济走向独立 ……… (35)
阿曼与俄哈共建石油管道 ………… (36)
哈商业活动中心开业 ……………… (37)
日本商人对哈很感兴趣 …………… (38)
哈萨克斯坦将更换新的居民身份证 …… (39)
俄罗斯经济转折的一年 …………… (40)
俄罗斯粮食不会涨价 ……………… (40)
俄罗斯人喜欢贵重珠宝 …………… (41)
乌克兰关闭部分矿井 ……………… (41)
俄政府监督酒精生产 ……………… (41)
中央七部委检查口岸收费情况 …… (42)
哈在中国有了办公楼 ……………… (42)
塔城为地边贸易营造宽松环境 …… (43)
俄改变出口政策 …………………… (43)
莫斯科—欧洲物价最高的首都 …… (44)
我区食油价格走低,棉籽价格再度攀升 ……………………………… (44)
哈在乌鲁木齐设立民航商务处 …… (45)
新疆加强哈密瓜出口管理 ………… (45)
哈美合作开采石油天然气 ………… (46)
哈为外国人新开海关 ……………… (47)
5种塑料建材将畅销 ……………… (47)
哈整顿药品市场 …………………… (48)
哈私有化飞速发展
俄哈共建民用飞机制造公司


本期责任编辑:夏丽波

# پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى

1996 - يىللىق

4 - سان

ئومۇمىي 69 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25-

كۈنى نەشىر قىلىنىدۇ

بۇ ساننىڭ مەسئۇل

تەھرىرى :

شەرىپە

باھاسى : 3يۈەن


## بۇ ساندا

### «قانۇن - بەلگىلىمە»


قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى.......................... (3)

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى ... (8)

قازاقىستاننىڭ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن قىممىتى ئاشقان باج ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى ... (13)

روسىيىنىڭ ئامۇر ئوبلاستىدا يېڭى باج قانۇنى يولغا قويۇلدى ...... (18)


### «ماتېرىيال»


روسىيە قازاقىستان چېگرا رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد سودا مۇناسىۋەت تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ (19)

قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى مۇقىملاشماقتا ......................(24)

بۈگۈنكى موسكۋا بازىرى ........................ (26)


### «يېڭى تېخنىكا - يېڭى مەھسۇلاتلار»


شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى سۇ ئۆتمەيدىغان يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ چىقتى .................. (28)

روسىيىنىڭ يورۇشلەشكەن يېزا ئىگىلىك ئۈسكۈنىسى ياۋروپا بازارلىرىغا كىردى ........................ (29)


### «چېگرا سودا خەۋەرلىرى»


قازاقىستان ئارال دېڭىزىدا يېڭى نېفىتلىك تاپتى .................. (29)

قىرغىزىستان بازارلىرىدىكى نېفىت ........................ (30)

«زىيانلىق ئىمپورت» قىرغىزىستان كارخانىلىرىغا زىيان سالماقتا ... (31)

روسىيە پولات ماتېرىياللىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى ........................ (32)

روسىيە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ........................ (34)

ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادى مۇستەقىللىقا يۈزلەندى .................. (35)

ئومان روسيه ۋە قازاقستان بىلەن نېفت تۇرۇبا يولىنى قۇردى .................... (36)
قازاقستان سودا پائالىيەت مەركىزى تىجارەت باشلىۋەتتى .................... (37)
ياپونىيە سودىگەرلىرى قازاقستانغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ .................... (38)
قازاقستان ئاھالىلار سالامىيەت گۇۋاھنامىسىنى يېڭىدىن تارقىتىدۇ .................... (39)
روسىيە ئىقتىسادى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان بىر يىل .................... (40)
روسىيىدە ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسمەيدۇ .................... (40)
روسىيىلىكلەر ئېسىل ئۈنچە - مەرۋايىتنى ياخشى كۆرىدۇ .................... (41)
ئۇكرائىنا بەزى كان قۇدۇقلىرىنى ئەتمەكچى .................... (41)
روسىيە ھۆكۈمىتى ئېسپىرت ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىدۇ .................... (41)
مەركەزدىكى يەتتە مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت ھەر قايسى سودا ئېغىزلىرىدىكى پۇل يىغىش ئەھۋالىنى
تەكشۈردى .................... (42)
قازاقستاننىڭ جۇڭگودا خىزمەت بىناسى بار بولدى .................... (42)
تارباغاتاي ۋىلايىتى يەرلىك چېگرا سودىسى ئۈچۈن كەڭتاشا مۇھىت يارىتىپ بەردى .................... (43)
روسىيە ئېكسپورت سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى .................... (43)
موسكۋا — ياۋروپا بويىنچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى پايتەخت .................... (44)
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان ماي باھاسى تۆۋەنلەپ، چىگىت كۈنجۇرىسىنىڭ با -
ھاسى قايتا ئۆرلەپ كەتتى .................... (44)
قازاقستان ئۈرۈمچىدە ئاۋىئاتسىيە سودا مۇلازىمەت ئورنى قۇردى .................... (45)
شىنجاڭ قوغۇن ئېكسپورت باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى .................... (45)
قازاقستان بىلەن ئامېرىكا بىرلىكتە نېفت تەبىئىي گاز ئاچماقچى .................... (46)
قازاقستاندا يەنە بىر تاموژنا تەسىس قىلىندى .................... (47)
بەش تۈرلۈك سۇلياۋ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى .................... (47)
قازاقستان دورا بازارلىرىنى تەرتىپكە سالدى .................... (48)
قازاقستاندا خۇسۇسىيلىشىش تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا .................... (49)
روسىيە بىلەن ئۇكرائىنا بىرلىشىپ يولۇچىلار ئارۇپىلانى ياساش شىركىتىنى قۇرماقچى بولدى .................... (49)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ۋە يەرلىك مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ ھوقۇقى ۋە قوشۇمچە ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدىكى قانۇن»غا بىنائەن بۇ بۇيرۇقنى ئېلان قىلىمەن:

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭشىلىدىغان مۇناسىۋەت دائىرىسى.

بۇ بۇيرۇق قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلىرىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ توپ قانۇنىي ئاساسىنى بەلگىلەپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلاردىكى ئاپپاراتلار بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى ھەمدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئاساسىي گەۋدىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلغان.

**2 - ماددا** - ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون توغرىسىدا ئۇقۇم

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون — قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالاھىدە قانۇن تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدىغان چەكلىك رايوندۇر.

**3 - ماددا** ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇشتىكى مەقسەت.

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشتىكى مەقسەت، جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىغا قاراپ پائال قەدەم باسقۇزۇش، زور مىقداردىكى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش، بازار مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدىغان قانۇنىي ئۆلچەملەرنى بېكىتىش، زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ھەمدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

**4 - ماددا** ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن - قائىدىلىرى توغرىسىدا

1. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ پائالىيەتلىرى، مەزكۇر بۇيرۇق ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا قانۇن - قائىدىلىرى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ.

2. ئەگەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قاتنىشىپ ئىمزا قويغان خەلقئارالىق توختامدا باشقا ماددا ئۇسۇللار بېكىتىلگەن بولۇپ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن - قائىدىلىردىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ماددا ۋە ئۇسۇللار بولغان بولسا، ئۇنداقتا خەلقئارالىق توختامنىڭ ماددا ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**5 - ماددا** ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى قۇرۇشنىڭ تەرتىپى

1. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ تەكلىپى بىلەن شەكىللەنگەن دوكلاتقا ئاساسەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى بېكىتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئىقتى

سادىي ئالاھىدە رايوننى قۇرۇش كېرەك .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ نىزامىنى تەستىقلايدۇ .

2 . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش تەكلىپىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ، مۇلاھىزە قىلغان كۆز قاراش ۋە تېخنىكا ئىقتىسادىي نەزەرىيە ئاساسلىرىنى يوللاش كېرەك .

**6 - ماددا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىسىگە قانۇنىي كاپالەتلىك قىلىش**

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىدە ئۆزگىرىش بولغان ياكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋاقىتتا ، ھەتتا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ رايون چېگرىسىنى ئۆزگەرتكەندە ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ مۇددىتى تامام بولۇشتىن ئاۋۋال ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىلىرىنىڭ مەبلەغ سالغان ۋاقىت بىلەن ئوخشاش شەرت ئاستىدا بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ، بىراق ئون يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . مۇددىتى ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ئۆزگەرگەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ .

## 2 - باب ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ باشقۇرۇلىشى

**7 - ماددا باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى**

1 . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ئىچكى باشقۇرۇش فونكسىيىسى ، رەئىس باشچىلىقىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ . مەمۇرىي كومىتېتنىڭ شەكىللىنىش تەرتىپى ۋە پائالىيىتىنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ماددا ۋە ئۇسۇللىرى بەلگىلەيدۇ .

2 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېت رەئىسىنىڭ خىزمىتىنى تەيىنلەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ رايون چېگرىسى بىلەن مەمۇرىي رايون بىرلىكى بىرلەشىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا .

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ رايون چېگرىسى بىلەن مەمۇرىي رايون بىرلىكى ( شەھەر ، ۋىلايەت ، شەھەرلەر ئىچىدىكى رايونلار) بىرلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ، مۇناسىپ بولغان مەمۇرىي رايون بىرلىكىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدۇ .

3 . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېت — ۋەكالەتچى بولىدۇ .

4 . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون چېگرىسى بىلەن مەمۇرىي رايون بىرلىكى بىرلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتى ئوخشاشلا مەمۇرىي رايون بىرلىكىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى بولىدۇ .

**8 - ماددا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى**

1 . ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتى :

1) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بېكىتىدۇ ۋە يۈرگۈزىدۇ ؛

2) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ مالىيە فوندىنى (خام چوت) قۇرىدۇ ، مالىيە فوندى مەبلىغىنى (خام چوت) ئىشلىتىش نىشانىنى بەلگىلەيدۇ ؛

3) دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەر سالغان

مەبلەغ ھەمدە قەرز پۇل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىدۇ؛

4) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ؛

5) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپلەرنى بېرىدۇ؛

6) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون دائىرىسى ئىچىدە مەمۇرىي كومىتېت ۋەكىللەر باشقارمىسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئىشلارنى بەلگىلەيدۇ؛

7) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ھېساباتىنى تىزىمغا ئالىدۇ؛

8) ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ئېھتىياجىنى دۆلەت ئورگانلىرىغا ئىنكاس قىلىدۇ؛

9) مەزكۇر بۇيرۇقنى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن - قائىدىسى تاپشۇرغان باشقا ھوقۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

2. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئىچىدىكى بارلىق ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ماقۇللانغان قارارلارنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## 3 - باب ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 9 - ماددا مالىيە

1. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ مەمۇرىي كومىتېتى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا تىزىملىتىپ رويخەتكە ئېلىنغان ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ باج - سېلىق، مەبلەغ توپلاش ۋە باشقا تاپشۇرغان مالىيە فوندىغا تايىنىدۇ (ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ۋە مەمۇرىي رايون بىرلىك رايون چېگرىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋاقىتتا، شۇنىڭدەكلا مەمۇرىي رايون بىرلىكىنىڭ خام چوتى ھەمدە بىرلىشىشتىن كېيىنكى خام چوتى)، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن - قائىدىدە بەلگىلەنگەن مەخسۇس فوندىدىن چىقىم قىلىش، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ مالىيە فوندى تەييارلاشنىڭ (خام چوت فوندى) مەبلەغ مەنبەسى بولالمايدۇ.

2. مالىيە فوندى (خام چوت فوندى) قۇرۇلۇش تەرتىپى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ماددا ۋە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

3. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ مالىيە فوندى (خام چوت فوندى) بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك خام چوت فوندىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ماددا ۋە ئۇسۇللىرىدا بەلگىلەنگەن، مۇناسىپ يەردە شۇ يىللىق خام چوتتا ھېسابلانغان، ئۇزۇن مەزگىل تۇراقلىق ھالدا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مالىيە فوندىغا كىرگەن (خام چوت فوندى) ئومۇمىي كىرىم مىقدارىدىن ئاجرىتىپ ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

4. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون مەمۇرىي كومىتېتى مەخسۇس فوندىنى قۇرۇشقا بولىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات فوندىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە تاشلاپ قويۇلغان خام چوت مەبلىغى، غەيرىي باج پۇلىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ۋە مەبلەغ يىغىشتىن شەكىللەنگەن مەبلەغ مەنبىيىگە تايانسا بولىدۇ.

### 10 - ماددا بانكا پائالىيىتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا قانۇنىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ئىچىدە بانكا پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلىدۇ.

### 11 - ماددا باج يىغىش

1. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج ئې-

لىش قانۇن ـ قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون چېگرىسى ئىچىدە باج ئېلىنىدۇ.

2. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج يېغىش قانۇن ـ قائىدىلىرىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون چېگرىسى ئىچىدە تىزىملىتىپ رويخەتكە ئالدۇرغان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىلىرى باج يىغىشنىڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان تۈزۈملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**12 - ماددا تاموژنا تەكشۈش**

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون — قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغان رايون تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىدىغان چېگرا سىرتىدىكى رايوندۇر.

**13 - ماددا ۋەكالەتچى دۆلەتنىڭ تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش تەرتىپى**

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا شەكىللەنگەن ۋەكالەتچى دۆلەتنىڭ تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىش خىزمىتىنى ھەمدە ۋەكالەتچى ۋەكىللەر باشقارمىسى ۋە شۆبە تارماق ئورگانلىرىنىڭ ھېساباتقا خاتىرىلەش خىزمىتى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھوقۇق بېرىلگەن ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون چېگرىسى ئىچىدە بىۋاسىتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**14 - ماددا ئىجازەتنامە تۈزۈمى**

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان ئىگىلىك ئاساسىي گەۋدىلەرگە ئىجازەتنامە سېتىپ بېرىش كەسپى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ـ قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**15 - ماددا چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا ئولتۇراقلىشىش تەرتىپى**

1. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوندا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىمزا قويغان خەلقئارالىق كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن چەت ئەل پۇقرالىرى ۋە تەۋەلىكى يوقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىپ ـ چىقىش، ئولتۇراقلىشىش تەرتىپىنىڭ ئۇسۇللىرى بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ.

2. چەت ئەل پۇقرالىرى ۋە تەۋەلىكى يوقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون چېگرىسىدىن كىرىپ ـ چىقىش ۋە ئولتۇراقلىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، مەركىزى ئىجرائىيە ئورگانلىرى، مۇناسىپ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىل تارماق ئورگانلىرىنى قۇرىدۇ.

**4 - باب ئەڭ ئاخىرقى ماددىلار**

**16 - ماددا ماددىلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش**

1 - قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قائىدە ئۇسۇللىرىنىڭ ماددىلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ.

2. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى قۇرۇش مۇددىتى توشقاندا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ.

3. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى قۇرۇش مەقسىدىگە يېتەلمىگەن ۋاقىتتا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

**17 - ماددا بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى**

1. مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ 5 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن، بۇ بۇيرۇق كۈچكە ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال قۇرۇلغان ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ.

2. مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ 6 ـ ماددىسى،

كېيىن قايتىدىن قۇرغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ۋە مەزكۇر ماددىنىڭ 1 ـ تارمىقىغا ئاساسەن قارار چىقىرىلىپ بولغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدۇ.

3 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۈچ ئاي مۇددەت ئىچىدە تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك :

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون توغرىسىدىكى قانۇنىي كۈچكە ئىگە زۆرۈرلۈك بۇيرۇقىغا ئاساسەن ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت قارارىنى چىقىرىشى ؛

دۆلەت ئورگىنى ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ مەزكۇر بۇيرۇق بىلەن زىت بولغان ئۆلچەملىك قانۇنىي ماددىلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى ؛

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان تەرتىپىنى تەستىقلىشى كېرەك . بۇنىڭ ئىچىگە مۇشۇ تەرتىپلەرنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن ماسلاشقان تۈزۈملەر ھەمدە مۇلاھىزە كۆز قاراشلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي نەزەرىيە ئاساسلىرى كىرىدۇ .

4 . تۆۋەندىكى قانۇنىي ھۆججەتلەرنىڭ كۈچتىن قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك :

1) 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان «قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» ،

2) قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى «قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارى»،

3) قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى « جېز قازغان ئوبلاستىدا جايلىم ـــ ئاتاسۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ،

4) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى « تالدىقورغاندا ئالاكۆل ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى ، يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى ھەمدە تالدىقورغان شەھىرىدە تالدىقورغان تاشقى ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاساسىدا ئەركىن ئىقتىسادىي شۆبە رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى »،

5) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي سوۋېتى «رىساكوۋسكى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاتارلىق ھۆججەتلەر .

**18 - ماددا** مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ كۈچكە ئىگە تەرتىپى .

مەزكۇر بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە .

# قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

## بەشىنچى باب چەكلىك مەسئۇلىيەت ۋە چەكسىز مەسئۇلىيەت پرىنسىپى

**35 - ماددا كارخانىلارنىڭ چەكسىز مەسئۇلىيىتى**

قەرز تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلار ھېسابات ئېنىقلاش جەريانىدا ئۆزى تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز ئاساسىدا ئۆزىنىڭ بارلىق مال مۈلكىنى كۆرۈكە قويىدۇ . كارخانا ئۆزىنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيىتى بولمايدۇ .

**36 - ماددا پايچىك ۋە كارخانا قۇرغۇچىنىڭ چەكسىز مەسئۇلىيىتى ياكى كېڭەيگەن مەسئۇلىيىتى**

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنىغا ئاساسەن ، كارخانا قۇرغۇچى ياكى پايچىك كارخانا قەرزىگە نىسبەتەن چەكسىز مەسئۇلىيەت ياكى كارخانا مۈلكى دائىرىسىدىن سىرتقى مەسئۇلىيەتنى (كېڭەيگەن مەسئۇلىيەت) ئۈستىگە ئالغاندا كارخانا قۇرغۇچى بىلەن پايچىك ئورتاق ياكى مۇستەقىل ھالدا ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانا قەرزىگە مەسئۇل تەرەپ بولىدۇ .

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى كارخانىنىڭ مال - مۈلۈك سوممىسى ۋە قەرز سوممىسىنى ئېنىق بەلگىلىگەندىن كېيىن ، بارلىق قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق چەكسىز مەسئۇلىيەتكە ئىگە پايچىك ۋە كارخانا قۇرغۇچىدىكى قەرز تۆلەش ئىمكانىيىتىنى تېپىشى ھەم بارلىق ياكى بىر قىسىم پايچىك ۋە كارخانا قۇرغۇچىنىڭ قەرز قايتۇرۇش ياكى تۆلەش مەقسىتىگە يېتىشى كېرەك .

بارلىق ياكى بىر قىسىم قەرزنى قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ قەرز نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا قۇرغۇچى ياكى پايچىك چەكسىز مەسئۇلىيەت ياكى كېڭەيگەن مەسئۇلىيەت ئاساسىدا كارخانا قەرزىگە مەسئۇل باشقا پايچىك ۋە كارخانا قۇرغۇچىدىن زىياننى تولۇقلىۋالىدۇ . ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئۆزى قەرز بولغان كارخانا قۇرغۇچى ياكى پايچىكنىڭ قەرزنى تۆلىيەلمىيدىغان كارخانا ئىگىسىگە نىسبەتەن ۋەيران بولۇش ئەرزنى سۇنۇش ھوقۇقىغا ئىگە .

**37 - ماددا يەككە كارخانا ئىگىسىنىڭ چەكسىز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

قانۇنىي شەخس تەسىس قىلىنماي پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەككە كارخانا ئىگىسى ياكى كارخانا ئادەتتە چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى ئارقىلىق تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزنى تۆلەيدۇ . قانۇنىي شەخس تەسىس قىلىنماي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يەككە كارخانا ئىگىسى ياكى كارخانا تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا قەرز تۆلەشنى رەت قىلسا ياكى قەرز تۆلىيەلمىسە قەرز تۆلەش ئىقتىدارى يوق دەپ قارىلىدۇ :

1 . كارخانىنىڭ قەرزدارغا تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز سوممىسى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن مائاش نورمىسىغا تەڭ بولۇشى كېرەك .

2 . كارخانىنىڭ تۆلەپ بېرىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي قەرز سوممىسى ئەڭ تۆۋەن 100 مائاش سوممىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك .

قەرز بەرگۈچىنىڭ تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يەككە كارخانىچىنىڭ تۆۋەندىكى مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىشقا ۋە سېتىشقا

بولمايدۇ : پېنسىيە پۇلى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي قوشۇمچە ياردەم پۇل ؛ كەسپتە ئىشلىتىلىدىغان قوراللار ؛ مېيىپلارنىڭ قاتناش قوراللىرى ۋە باشقا ياردەمچى قوراللىرى ؛ پائالىيەت ئۈسكۈنىلىرى .

يەككە كارخانا ئىگىسىنىڭ ئۆيى ، سارايلىرى ، ئۆي جاھازلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى شەرت بويىچە مۇسادىرە قىلسا بولىدۇ :

1 . يەككە تىجارەت كارخانا ئىگىسىنىڭ ئۆي ، سارايلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا ئۇنىڭغا باشقا ئولتۇراق جاي تېپىپ بېرىش ياكى ھېچ بولمىغاندا ئولتۇراق ئۆي كۆلىمىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك .

2 . ئۆي جاھازلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .

ئەڭ كىچىك بولغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى سوت مەھكىمىسى ھەر بىر ئەنزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ . ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ : قەرز ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىش تەلىپى ئورۇنلانمىسا قەرز بەرگۈچىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋەيران بولغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن قىلماسلىق كېرەك . ۋەيران بولغان كارخانىنى ئولتۇراق جاي ، ئۆي جاھازلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن ئاندىن ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ئەسلىدىكى ئۆي ، ساراي ، ئۆي جاھازلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە . چەكسىز مەسئۇلىيەت ۋە كېڭەيگەن مەسئۇلىيەتكە ئىگە كارخانا پايچىكى ۋە قۇرغۇچىنىڭ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەن تەلەپنى ئاساس قىلىش كېرەك .

**38 - ماددا پايچىك ۋە كارخانا قۇرغۇچىنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيىتى**

كارخانا قۇرغۇچى ياكى پايچىك قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە ھېساباتى ئېنىقلانماقچى بولغان كارخانا قەرزىنى ئۈستىگە ئالمىسا ، كارخانا قۇرغۇچى ۋە پايچىك كارخانا ھېساباتى ئېنىقلانغاندا كارخانىغا سالغان مەبلىغى (پاي چېكى ، كارخانا قۇرۇش راسخوتى) ياكى كارخانىغا سېلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم كاپىتالنى ۋە خېيىم ـ خەتەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، بۇ پرىنسىپ چەكلىك مەسئۇلىيەت دەپ ئاتىلىدۇ .

**39 - ماددا چەكلىك مەسئۇلىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى**

1 . كاپالەت بېرىش : ئەگەر چەكلىك مەسئۇلىيەتكە ئىگە كىشى قەرز تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ قەرزى ياكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئۈچىنچى بىر تەرەپكە كاپالەت بەرسە ئۆزى كاپالەت بەرگەن دائىرىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ .

2 . ئالدامچىلىق ھەرىكىتى : مەلۇم كىشى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ ( پايچىك ، كارخانا قۇرغۇچى ، ھەمكارلاشقۇچى ياكى كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا كىشىلەر) كارخانىنىڭ ھېساباتى ئېنىقلىنىۋاتقان ياكى ئېنىقلىنىش كېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن كارخانا نامىدا ئالدامچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ باشقىلارنى كارخانا بىلەن مۇناسىۋەت تۈزۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلسا ، بۇنداق كىشىلەر كارخانا بىلەن بىردەك بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك .

3 . مەجبۇرىيەتكە خىلاپلىق قىلىش : كارخانا مەسئۇلى ئۆز خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى ھەم ھېسابات ئېنىقلاشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى

بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كارخانىنى تەمىنلىگەن ھەرىكىتى كارخانىنىڭ قەرزىنى ئاشۇرىۋەتسە، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلانماي تۇرۇپ كارخانا قەرز ئىگىسىگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا ھەم كارخانا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرالىسا، قانۇنىي تەرتىپ بويىچە مەزكۇر مەسئۇل كىشى قەرز ئىگىسىگە كەلتۈرگەن زىياننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

4. قەرز تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش

ئەگەر ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانا مەزكۇر قانۇننىڭ 13 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ئېنىقلاش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىسە، ھېسابات ئېنىقلاش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن كارخانىنىڭ قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇدىغان يېتەرلىك مەبلىغى يوقلىقى بايقالسا مەزكۇر كارخانىنىڭ پايچىكى ۋە مەسئۇلى قەرز بەرگۈچىگە تۆلەيدىغان بارلىق قەرز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## ئالتىنچى باب قەرز قايتۇرۇش شەرتى ۋە تەرتىپى

### 40 ـ مادىدا قەرز قايتۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى قائىدىلەر

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى تۆۋەندىكى پرىنسىپ بويىچە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەق پۇلنى تەقسىم قىلىدۇ:

1. ئالدىنقى قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ تەلىپى كېيىنكى قەرز بەرگۈچىلەردىن بۇرۇن تولۇق ئورۇنلىنىشى كېرەك.

2. ھەر بىر قەرز بەرگۈچىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىغاندا ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. قەرز بەرگۈچى تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز سوممىسى بويىچە تولۇقلاشقا ئېرىشىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر ئوخشاش بىر تۈردىكى بارلىق قەرز بەرگۈچىگە تولۇقلاپ بېرىدىغان مەبلەغ يېتىشمىسە كارخانا قەرزىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان قەرز بەرگۈچى نىسبەت بويىچە مۇناسىپ تولۇقلاشقا ئېرىشىشى كېرەك.

3. گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئىگە قەرز بەرگۈچى مەزكۇر قانۇن بويىچە باشقا قەرز بەرگۈچىلەردىن بۇرۇن ئالدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئىگە قەرز بەرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش كىمنىڭ ئالدى بىلەن گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئېرىشكەنلىكى ياكى كىمنىڭ ئالدى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى بويىچە گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئىگە قەرز بەرگۈچى سۈپىتىدە تىزىمغا ئالدۇرغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

4. ئەگەر ھېساباتنى ئېنىقلاش جەريانىدا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان قەرزى بارلىقى ياكى قەرز بولىدىغانلىقى ۋە ياكى قەرز بولۇش ئېھتىماللىقى بايقالسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىغا بېرىدىغان قەرزى بولسا ياكى كەلگۈسىدە قەرز بولماقچى بولسا ۋە ياكى قەرز بولۇش ئېھتىماللىقى بولسا، بۇ خىل ئەھۋالدا: a. ھېسابات ئېنىقلىنىشتىن بۇرۇن بولغان، پۇل ياكى باشقا ئوخشاش ئىپادىلىنىش شەكلىدىكى ئىككى خىل قەرزىدىن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە تولۇقلاپ بېرىدىغان پەرق سوممىسىنى ھېسابلاپ چىقىش كېرەك؛ b. ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندىن كېيىن ھەر قانداق قەرزنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ؛ c. قەرزنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى ئې

نىق بولمىغاندا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى پۇلغا نىسبەتەن باھالاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەزكۇر ماددىنىڭ تۆتىنچى قىسمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھېسابات ئېلىپ بارىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىچىدىكى بىر تەرەپ بىلەن قەرز مۇناسىۋىتى بولسا ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەتى زىيانغا ئۇچرىسا مەزكۇر ماددىنىڭ تۆتىنچى قىسمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە قەرزنى ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

**41 - ماددا قەرز تۆلەش تەرتىپى**

1. بىرىنچى تەرتىپ: گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئىگە قەرز بەرگۈچى گۆرۈگە قويۇپ ئېرىشكەن پۇل دائىرىسىدە كارخانا قەرزىدىن باشقا ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىلاردىن پۇلغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەگەر گۆرۈگە قويۇلغان مۈلۈكلەرنى سېتىشتىن ئېرىشكەن پۇل گۆرۈگە قويۇش كاپالىتىگە ئىگە قەرز بەرگۈچىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىسا يېتەرلىك بولمىغان پۇل مەزكۇر ماددىنىڭ تۆتىنچى نۇقتىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە تۆتىنچى تەرتىپتىكى شەرت بويىچە تۆلىنىدۇ؛

2. ئىككىنچى تەرتىپ: سوت مەھكىمىسىنىڭ راسخوتى، ھېسابات ئېنىقلىغۇچى، ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ۋە ئۇلار ياللىغان كىشىگە كېتىدىغان راسخوت، شۇنداقلا كارخانا ھېساباتىنى ئېنىقلاش جەريانىدا ھېسابات ئېنىقلىغۇچى كارخانا پائالىيىتىنى ئۇزارتىش زۆرۈر دەپ قارىغان چىقىم؛

3. ئۈچىنچى تەرتىپ: ھېسابات ئېنىقلىنىشتىن بۇرۇنقى ئالتە ئاي ئىچىدە مائاشىنى ئالالمىغان كارخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ تەلىپى، خىزمەتچىلەرنىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىش ۋە باقىدىغان ئادەمدىن ئايرىلىپ قېلىش تەلىپى. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئەمگەك قوغداش قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىشچىلارنىڭ ئالتە ئايدىن بۇيان تارقىتىلمىغان مائاشىنى تولۇقلاپ بېرىشتە مائاش سوممىسى مەزكۇر كارخانا بەلگىلىگەن ئالتە ئايلىق ئەڭ تۆۋەن مائاش سوممىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر كارخانىدا بەلگىلەنمىگەن بولسا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن مائاش سوممىسى بويىچە تۆلىنىدۇ.

4. تۆتىنچى تەرتىپ: ئادەتتىكى قەرز بەرگۈچى (گۆرۈگە قويۇش كاپالىتى بولمىغان) كارخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ تەلىپى؛

5. بەشىنچى تەرتىپ: دۆلەت باج ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ جۇمھۇرىيەت ۋە يەرلىككە خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىشى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سوغۇرتا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئورگىنىنىڭ تەلىپى؛

6. ئالتىنچى تەرتىپ: باشقا بارلىق تەلەپلەر. يەنى قەرز بەرگۈچىنىڭ ئالدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى رەت قىلىشى ھەم ئۇنى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ياكى ھېسابات ئېنىقلىغۇچىغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى، مەزكۇر ماددىدا ئېيتىلغان يۇقىرىقى بارلىق قەرز بەرگۈچىلەردىن كېيىن قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا ماقۇل بولۇشى؛

7. ئەڭ ئاخىرقى تەرتىپ: يۇقىرىدا ئېيتىلغان بارلىق قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ تەلىپى ۋە قەرز بەرگۈچى ئېرىشىشقا تېگىشلىك بولغان كارخانىنىڭ ھېساباتى ئېنىقلىنىش جەريانىدا ئۆسۈمنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن قالدۇق قىسمىنى كارخانا ئىگىسىنىڭ مائاشىغا چىقىم قىلىش كېرەك. كارخانا ھېساباتىنى ئېنىقلاش مەزگىلىدە قەرز بەرگۈچى ئېرىشىشقا تېگىشلىك پۇل (ئۆسۈم) ۋە قەرز بىلەن باراۋەر ئاساستا قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ تۈر تەرتىپى بويىچە تۆلىنىدۇ. ئۆسۈم سوممىسى ۋە مائاشنى تۆلەش تەرتىپى مۇ-

ناسىۋەتلىك تەپسىلىي قائىدىلەردىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ . بارلىق قەرز بەرگۈچىلەر كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن پايدىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ياكى زىيانغا ئۇچرىغان مەنپەئەتنى تەلەپ قىلىش ھەم ئۇنى تېخى قايتۇرمىغان قەرز سوممىسى ئىچىگە كىرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە .

**42 - ماددا كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش**

كارخانىلار مەزكۇر قانۇننىڭ 41 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن قەرز تۆلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن تۆلەش ئىقتىدارى بار دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا كارخانا ئىگىسى ( ئىجازەتنامىسىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارغان كارخانا ئىگىسى ئۇنىڭ سىرتىدا) سوت مەھكىمىسى ياكى ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن كارخانىنىڭ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ .

**43 - ماددا ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ دوكلاتى**

مەزكۇر قانۇننىڭ 41 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ھېسابات ئېنىقلىغۇچى سوت مەھكىمىسىگە ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك خۇلاسە دوكلاتى ۋە مال - مۈلۈك قەرز ھېساباتى جەدۋىلى ، شۇنداقلا بارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مەبلەغدىن پايدىلىنىش دوكلاتىنىڭ قوشۇمچىسىنى سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرىدۇ . سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ دوكلاتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن قارار چىقىرىدۇ ھەم دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنىغا خەۋەر قىلىدۇ .

**44 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى**

مەزكۇر قانۇننىڭ 41 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپنى تولۇق ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلغىلى بولمايدىغان كارخانىلار ئىجازەتنامىسىز ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كارخانىلارغا نىسبەتەن سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلاش قارارىنى چىقىرىدۇ ( مەيلى تۆلەش ئىقتىدارى بولسۇن ياكى بولمىسۇن) ھەم ئۇنى تىزىمغا ئالدۇرغان ئورگانغا يوللاپ ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ . تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كارخانىنىڭ ھەرىكىتى توختىتىلدى ، دەپ قارىلىدۇ .

**45 - ماددا ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىلارنى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ئورگان**

ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانا ، كارخانا قۇرۇلغان ۋاقىتتا تىزىمغا ئالدۇرغان ئورگانغا تىزىمغا ئالدۇرۇش كېرەك . دۆلەت ئورگانلىرى چوقۇم ئۈچ كۈن ئىچىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ ھېسابات ئېنىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ھەم كارخانا قۇرغۇچى ، پايچىك ۋە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنىڭ ( كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلاشقا قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا) كارخانىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك .

(داۋامى بار)

# قازاقىستاننىڭ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن قىممىتى ئاشقان باج ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلى قائىدىسى

## بىرىنچى ئومۇمىي پرىنسىپ

1. بۇ تەپسىلى قائىدە 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى 2235 ـ نومۇرلۇق «باج ئېلىش ۋە باشقا تۆلەشكە تېگىشلىك خام چوت توغرىسىدا» ۋە 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى 2368 ـ نومۇرلۇق «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا ئىشلىرى توغرىسىدا» ناملىق زۇڭتۇڭ پەرمانلىرىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

2. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن قىممىتى ئاشقان باج ئېلىنىدۇ. مۇشۇ قائىدە تەپسىلاتىدا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋاللار ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلاردىن ئىمپورت بېجىنىڭ 20%ى ئېلىنىدۇ ،مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار باشقا دۆلەتلەر ئارقىلىق قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنىسىغا كىرسە، ئۇ ھالدا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئوخشاشلا قىممىتى ئاشقان باج ئېلىنىدۇ.

3. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنىسىدىن ئۆتىدىغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن، مەزكۇر قائىدە ماددىلىرىدىكى تاۋارلار تىزىملىكى بويىچە ئىستىمال بېجى ئېلىنىدۇ.

4. مۇشۇ قائىدە تەپسىلاتىدا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن سىرت، مۇشۇ تەپسىلات يەنە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قاتناشقۇچى تەرەپ بولۇپ ئىمزالىغان خەلقئارا توختاملارغىمۇ ماس كېلىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىرىدە ئىشلەنگەن تاۋارلار، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ئىككىنچى بىر دۆلەت ئارقىلىق قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە كىرگەن بولسا، ئۇنداق تاۋارلاردىن يەنىلا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1) يېمەكلىك قىلىنىدىغان ئېتىل ئىسپىرتى تۈرىدىكىلەر، ھەم يېمەكلىك قىلىنىدىغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان ساپ ئېتىل ئىسپىرتى؛ 2) ۋودكا ھارىقى 3) مېۋە شىرنىسى ھارىقى تۈرىدىكىلەر؛ 4) ئىسپىرت قوشۇلغان ئىچىملىك، ئىسپىرت قوشۇلغان مېۋە شىرنىسى ھەم ئۆسۈملۈك يۇر مېيى؛ 5) ئۈزۈم ھارىقى؛ 6) براندىي؛ 7) شامپان ھارىقى؛ 8) پىۋا؛ 9) ئۈزۈم ھارىقىنىڭ خام ماتېرىيالى؛ 10) كۆك تاماكا مەھسۇلاتلىرى؛ 11) تەركىبىدە كۆك تاماكا بولغان باشقا مەھسۇلاتلار؛ 12) ئۇ سېتىر بېلىقى ھەم سالمون بېلىقى، ئۇ سېتىر بېلىقى ۋە سالمون بېلىق تۇخۇمى كونسېرۋاسى ھەمدە ئۇلاردىن ياسالغان مەھسۇلاتلار؛ 13) ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، كۈمۈش ھەم ئۇنچە ـ مەرۋايىت بۇيۇملار؛ 4) پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ياكى ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مويلۇق تېرە (بۇلار قارىغۇ چاشقان تېرىسى، ئۆي توشقىنى تېرىسى، ئىت تېرىسى، بۇغا تېرىسى، ئاشلانغان قوي تېرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)؛ 15) تەبىئىي مويلۇق تېرە بۇيۇملىرى، پەلتۇ، كالتە پەلتۇ، كاژانكا، قىسقا كەمزۇل، يېپىنچا، چوڭ شارپا (ئاياللار ئىشلىتىدىغان)، خۇرۇم ياقا، شارپا، بۆك، خۇرۇم پەلتۇ (قارىغۇ چاشقان تېرىسى مەھسۇلاتلىرى، ئۆي توشقىنى تېرىسى، ئىت تېرىسى، بۇغا تېرىسى، ئاشلانغان قوي تېرىسى مەھسۇلاتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) قاتار-

لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . 16) پەلتۇ ، كالتە پەلتۇ ، قىسقا كەمزۇل ، تېرە ـ خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىدىن تىكىلگەن يېپىنچا (قارىغۇ چاشقان تېرىسى ، ئۆي توشقىنى تېرىسى ، ئىت تېرىسى ، بۇغا تېرىسى ، ئاشلانغان قوي تېرىسى بۇنىڭ سىرتىدا) ؛ 17) ھەقىقى خۇرۇم كىيىملەر ؛ 18) خرۇستال ئەينەك بۇيۇملار ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان چىراقلار ؛ 19) بېنزىن (ئاۋىئاتسىيىدە ئىشلىتىلىدىغان بېنزىن بۇنىڭ سىرتىدا) ، دىزېل مېيى يېقىلغۇلىرى ؛ 20) پىكاپ ؛ 21) پارتلاتقۇچ دورا ھەم كۆمۈر گازى يېقىلغۇ قىلىنغان قوراللار (دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ئېھتىياجلىق بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

5 . ئىستېمال بېجىنىڭ نىسبىتى ، ئىمپورت قىلىنغان تاۋار ماللىرىنىڭ مىقدارى ياكى تاموژنا ئالىدىغان باج قىممىتىنىڭ پىرسەنتى بويىچە بەلگىلىنىپ بېكىتىلىدۇ .

6 . قىممىتى ئاشقان باج بىلەن ئىستېمال بېجىنى ھېسابلىغاندا ۋە تۆلىگەندە تەڭگىنى ئىشلەتسىمۇ ياكى چەتئەل پۇلىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ . تاموژنا مال مەلۇم قىلغان تالوندىكى چىسلاغا قاراپ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك بانكىسى ئېلان قىلغان شۇ كۈنلۈك ئاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسى بويىچە ھېسابلاپ ، يىغقان باجنى ئاۋۋال تاموژنا تارماقلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىغا كىرگۈزىدۇ . ئارقىدىن مۇشۇ تەپسىلاتىنىڭ 4.7 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن چىسلا بويىچە ھېساباتنى يۆتكەش شەكلى ئارقىلىق خام چوتقا كىرگۈزىدۇ .

7 . تاموژنا تارماقلىرى نەق چوت كۈنىنىڭ بەشىدىن بۇرۇن ، باج تارماقلىرىغا نەق چوت مۇددىتى ئىچىدىكى قىممىتى ئاشقان باج ، ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى ۋە نەق پۇل كىرىمىنىڭ خام چوتقا كىرگۈزۈلۈش مەلۇمات جەدۋىلىنى تاپشۇرىدۇ . ھەر قايسى ئوبلاستلىق باج ئىدارىلىرى ۋە ئالمۇتا شەھىرى ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىلىك مالىيە مىنىستىرلىكى باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىغا تاپشۇرىدىغان قىممىتى ئاشقان باج ، ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ۋە نەق پۇلنىڭ خام چوتقا كىرگۈزۈلۈش مەلۇمات جەدۋىلى ، شۇنداقلا پۇل تاپشۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەر قېتىملىق نەق چوت كۈنىنىڭ ئۇنىدىن كېيىن قالماسلىقى كېرەك .

**ئىككىنچى . قىممىتى ئاشقان باج ۋە ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرىدىغان ئورۇن ياكى شەخسلەر**

1 . ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ۋەكالەتچى ھەمدە تەبىئىي شەخسلەر باج تاپشۇرۇغۇچى شەخس ياكى ئورۇن ھېسابلىنىدۇ . ئاشقان قىممەت بېجى بىلەن ئىستېمال بېجىنى تاموژنىغا مال مەلۇم قىلغۇچى خادىم ئۆزى تاپشۇرىدۇ ياكى تاموژنىغا مال مەلۇم قىلىش رەسمىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان باشقا خادىم تەرىپىدىن تاپشۇرۇلىدۇ . ئەگەر ، يەنە باشقا تاموژنا چىقىملىرىنى تۆلىمەكچى بولسا ، مالنىڭ تاموژنىغا مەلۇم قىلىنىش تالونى بويىچە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرسە بولىدۇ .

باج تاپشۇرۇشنى ئۇزارتقاندا ، باج تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى توختاملاشقۇچى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ . باج پۇلنى قايتىدىن ھېسابلىغاندا ، تاموژنا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ بېجىنى تۆلىگۈچى مەسئۇل كىشىگە قويۇلىدىغان جەرىمانىنى ھەم باجنى كېچىكتۈرگەنلىكىگە بېرىلىدىغان جازانىمۇ قوشۇپ ھېسابلاش كېرەك .

**ئۈچىنچى . ئاشقان قىممەت بېجىنى ۋە ئىستېمال بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش**

1 . تۆۋەندىكى تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ :

1) تەبىئىي شەخسلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى كابىنېتى بەلگىلىگەن نورما بويىچە ئىمپورت قىلغان تاۋارلار .

2) چەت ئەلدە سېتىۋېلىنغان ترانسپورت ئۇسكۇنىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زۆرۈر تاۋارلار . بۇنداق تاۋارلار بېكەتلەر ئارىسىدىكى ۋە مۇسابە لىنىيىسىدىكى خەلقئارالىق مال ، پاسازىر ، يۈك ـ تاقلارنى توشۇشقا ھەممە تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بولۇش كېرەك .

3) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىغا ( تاموژنىسىغا) كىرىشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان ، ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىشكە ياكى ئۈنىمدىن بىر نەرسە ياساشقا بولمايدىغان تاۋارلار ؛

4) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتى بەلگىلىگەن، ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار؛

5) خەيرى ساخاۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان خەلقئارا تەشكىلات ، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتلەر تەمىنلىگەن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار (تېخنىكىلىق ياردەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )؛

6) مۇسادىرە قىلىنغان بۇيۇملار ، ئىگىسى يوق قىممەت باھالىق بۇيۇملار (ھۆكۈمەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا ئۆتكەن قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ؛

7) چەت ئەلنىڭ دىپلوماتىيە ئورگانلىرىدىكى خادىملار ياكى ئۇلارنىڭ ۋەكالەت ئورۇنلىرى ئىشلىتىدىغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ، شۇنداقلا ۋەكالەت ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلار ، مەمۇرىي خادىملار ۋە تېخنىكا خادىملار ئىشلىتىدىغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئىشلىتىدىغان بۇيۇملار ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى خەلقئارالىق توختامغا ئىمزا قويغۇچى تەرەپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ، خەلقئارا توختامغا ئاساسەن باجسىز ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارمۇ بار ؛

8) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن ، تاموژنا بېجى تۈزۈمى دائىرىسىدە قازاقىستان زېمىنىغا باجسىز كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار ، ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا (مەزكۇر قائىدە تەپسىلاتىنىڭ 9 ماددىسىغا قاراڭ) ؛

2 . ئىمپورت قىلىنغان تۆۋەندىكى تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ :

1) تەبىئىي شەخسلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى كابىنېتى بەلگىلىگەن نورما بويىچە ئىمپورت قىلغان ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلار .

2) مۇشۇ تەپسىلى قائىدىنىڭ 13 ـ ماددىسىنىڭ 1) ، 2) تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ( ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلار تېزىملىكىدىن سىرت) ؛

3) تەبىئىي شەخسلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى كابىنېتى بەلگىلىگەن نورما بويىچە ئىمپورت قىلغان باج كېچىرىۋېتىلگەن تاۋارلار ؛

## تۆتىنچى . ئىستېمال بېجىنىڭ ھېسابلىنىشى

1 . تاموژنا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن تاموژنا بېجى قىممىتى ياكى ماددىي بۇيۇم مىقدارى ، ئىمپورت تاۋارلىرىدىن ئىستېمال بېجى ئېلىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى .

2 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنىسىغا ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدىغان ئىمپورت تاۋارلىرىدىن تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغان تاۋارلارنىڭ باھاسى بويىچە ھېسابلاپ باج سوممىسى ئېلىنىدۇ .

3 . ياۋروپا پۇل بىرلىكى بويىچە ئىستېمال بېجى نىسبىتى بېكىتىلىدىغان تاۋارلارغا قارىتا

ئاساسلىقى تاۋارلارنىڭ مىقدارىغا قاراپ باج سوممىسى بېكىتىلىدۇ . تاۋار بىرلىكى ياۋروپا پۇل بىرلىكىنى ئاساس قىلىدىغان تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ .

4 . ئۇنىڭ ئىستېمال بېجى تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە ھېسابلىنىدۇ :

ACI — BTXAI (تۇرۇشلۇق ئورۇن)

ACI — ئىستېمال بېجىنىڭ سوممىسى

BT — تاۋارنىڭ مىقدارى

تاۋار بىرلىكىياۋروپا پۇلبىرلىكى

AI — بولغان ئىستېمال بېجى نىسبىتى

**بەشىنچى ئاشقان قىممەت بېجىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى**

1 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە كىرگەن تاۋارلاردىن ، ئاشقان قىممەت بېجى ئېلىنىدىغان تۈرلەر تۆۋەندىكىچە : قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، تاۋارلارنىڭ باج ئېلىش قىممىتى ، تاموژنا رەسمىيەت ھەققى ، ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجى قاتارلىقلار .

2 . ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجىنى ھېسابلاش تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە بولىدۇ .

1) تاموژنا بېجىۋە ئىستېمال بېجى ئالغاندا:

HC—(C+TC+N—AC)×H/100;

2) تاموژنا بېجىلا ئېلىنىپ ، ئىستېمال بېجى ئېلىنمىسا :

HC-(C+TC+N)×H/100;

3) تاموژنا بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدىغان تاۋارلار بولسا :

HC—(C+TC)×H/100 (تۇرۇشلۇق ئورۇن)

HC— ئاشقان قىممەت بېجى سوممىسى

C— تاموژنا ئالىدىغان باج قىممىتى

n— تاموژنا بېجى ئومۇمىي سوممىسى

تاموژنا رەسمىيەت ھەققىنىڭ ئومۇمىي

TC— سوممىسى

AC— ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى

H— ئاشقان قىممەت بېجى نىسبىتى

3 . تەبىئىي شەخسنىڭ تاللىشىغا ئاساسەن ئېلىنغان باج سوممىسىنى ، تەڭ مىقداردىكى تاموژنا رەسمىيەت پۇلى قىلىشقا بولىدۇ ؛ ئىمپورت تاموژنا بېجى بىلەن ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئاشقان قىممەت بېجىنىڭ سانىنى بەلگىلەيدۇ ، تاموژنىنىڭ چىقىمى ، تاموژنا بېجى 1.2 لىك باج نىسبىتى كۆپەيتىلگەندە كۆپەيتىش ئۇسۇلى بويىچە ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ، مەلۇم تەبىئىي شەخس 1200 تەڭگە تاموژنا بېجى تۆلىگەن بولۇپ ، تاموژنا رەسمىيەت ھەققى 105 تەڭگە ، ئىستېمال بېجى (ئىستېمال بېجى ئېلىشقا تېگىشلىك تاۋار) 3500 تەڭگە بولسا ، جەمئىي 4805 تەڭگە بولىدۇ ، بۇنداق بولغاندا ئاشقان قىممەت بېجى 5766 (4805×1.2) بولىدۇ .

**ئالتىنچى ، مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونىنى تولدۇرۇش**

1 . ئىستېمال بېجى سوممىسىنىڭ ھېساباتى مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونىدا ھەم ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىدە بولىدۇ :

ئەگەر ، تاۋارلاردىن يۈز پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىنسا ، ئۇ ھالدا مەلۇم قىلىنغان تاۋارلارنىڭ تاموژنا قىممىتىمۇ پۇل بىرلىكى بويىچە ھېسابلىنىدۇ ؛

تەمىنلىگەن تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بىرلىكىگە قاراپ ، باج نىسبىتى بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ ؛

ئىزاھات : بۇنداق ئەھۋالدا ، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى دېگەن كاتەكچىگە ، نەخ تۆلىگەن پۇل سانىنى ۋە بەرگەن تاشقى پىرېۋوت نامىنى ئېنىق يېزىش كېرەك .

47 ـ كاتەكنىڭ 1 ـ قۇرىدا تۆلىگەن پۇلنىڭ ۋاكالەت نومۇرى كۆرسىتىلگەن ؛ «30» ـ ، ئىستېمال بېجىنى ھېسابلىغاندا تەگكە ئېلىنىدۇ ؛ «31» ـ ئىستېمال بېجىنى ھېسابلىغاندا ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك بانكا تەمىنلىگەن تاختاي باھاسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ .

47 ـ كاتەكلىك 2 ـ قۇرىدىكى قوشۇمچە سومما ئاساسى تولدۇرۇلمايدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىستېمال بېجى ئومۇمىي سوممىسىنى ھېسابلاش ئاساسى مۇنداق بولىدۇ :

45 ـ كاتەكتە كۆرسىتىلگەن تاۋارلاردىن تاموژنا قىممىتىنىڭ يۈز پىرسەنتلىك نىسبىتى بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ ؛

31 ـ كاتەكنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى بۆلۈكىدە كۆرسىتىلگەن تاۋار مىقدارىغا ئاساسەن ، يەنى مەلۇم قىلىنغان تاۋارنىڭ ئەمەلىي سانىغا قاراپ ، ياۋروپا پۇل بىرلىكى باج نىسبىتى بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ .

3 ـ قۇر 47 ـ كاتەكتىكى باج نىسبىتىدە ئىستېمال بېجىنىڭ سانى بەلگىلەنگەن .

47 ـ كاتەك 4 ـ قۇردىكى ئومۇمىي سومما دېگەن كاتەكچىدىن ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى بىلگىلى بولىدۇ .

47 ـ كاتەك 5 ـ قۇردىكى پۇل تۆلەش شەكلى دېگەن يەردىكى كاتەكتە : БН — بانكىدىن ئۆتكەن نەق پۇلسىز ھېساب ئىكەنلىكى ؛ KT— نەق پۇل تۆلەنگەن باج ئومۇمىي سوممىسى ئىكەنلىكى ؛ yH شەرتلىك باج پۇلىنىڭ قوشۇمچە سوممىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن .

2 . مۇشۇ تەپسىلى قائىدىنىڭ 1 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن تاۋارلارنىڭ تىزىم رەسمىيىتىنى يېگىلىگەندا مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە بېتىنى تولدۇرۇش كېرەك .

3 . مەلۇم قىلىنغان تاۋارلاردىن تاموژنا قىممىتى بويىچە ئاشقان قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ .

ئىزاھات : بۇنداق ئەھۋالدا ، ستاتىستىكىلىق سانلارنىڭ تەپسىلاتى دېگەن كاتەكچىگە ، ئەمەلىي تۆلەنگەن پۇل سانى بىلەن تاشقى پېرېۋوت ئىسمىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ياكى باجنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش ئەھۋالنى يېزىپ قويۇش كېرەك .

47 ـ كاتەكچە 1 ـ قۇردا كۆرسىتىلگەن پۇل تاپشۇرۇش شەرتلىك بەلگىلىرى مۇنداق : 32 ـ ئاشقان قىممەت بېجىنى ھېسابلاشتا تەگكە ئىشلىتىلىدۇ ؛ 33 ـ ئاشقان قىممەت بېجى ھېسابلاشتا تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلىدۇ ؛ بۇنىڭدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك بانكىسى ئېلان قىلغان تاختاي باھاسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ .

ئىككىنچى قۇردىكى قوشۇمچە سان ئاساسى دېگەن ئورۇن تولدۇرۇلمايدۇ .

47 ـ كاتەك 3 ـ قۇردىكى باج نىسبىتى دېگەن يەردە ئاشقان قىممەت بېجى نىسبىتىنىڭ سانى بەلگىلەنگەن .

47 ـ كاتەك 4 ـ قۇردىكى ئومۇمىي سومما دېگەن يەردىن ئاشقان قىممەت بېجىنىڭ ئومۇمىي سانىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

45 ـ كاتەكچىدىكى تاۋارلارنىڭ تاموژنىغا مەلۇم قىلىنىش قىممىتىدىن ئاشقان قىممەت بېجىنى ھېسابلاپ چىقارغىلى بولىدۇ ، بۇ سان مەلۇم قىلىنغان تىزىملىكنىڭ تاموژنا رەسمىيەت ھەققى ، ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە ئىستېمال بېجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تەبىئىي سەخسىلەر مۇشۇ تەپسىلى قائىدىنىڭ 3.4 ـ ماددىسى بويىچە ئاشقان قىممەت بېجى ، تاموژنا رەسمىيەت بېجىنى ھېسابلىسا بولىدۇ . ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سانى ئاشقان قىممەت بېجى ھېسابلاپ چىقىرىشنىڭ ئاساسىي بولىدۇ .

مۇشۇ خىل ئەھۋالدا، 47 ـ كاتەك 3 ـ قۇردا كۆرسىتىلگەن باج نىسبىتى 1.2 بولىدۇ.

47 ـ كاتەك 5 ـ قۇردىكى پۇل تاپشۇرۇش شەكلى دېگەن يەردە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: БН — بانكا ئارقىلىق كەلگەن نەخ پۇلسىز ھېسابنى كۆرسىتىدۇ؛ КТ — نەخ پۇل ئارقىلىق تاپشۇرۇلغان باج ئومۇمىي سوممىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ Оп — كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇلىدىغان باج پۇلىنى كۆرسىتىدۇ؛ Ун — شەرتلىك باج سوممىسىنىڭ قوشۇمچە سوممىسىنى كۆرسىتىدۇ.

(داۋامى بار)

ئادالەت تاھىر (ت)

# روسسىيىنىڭ ئامۇر ئوبلاستىدا يېڭى باج قانۇنى يولغا قويۇلدى

روسسىيە ئامۇر ئوبلاستلىق پارلامېنت 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئامۇر ئوبلاستىنىڭ باج قانۇنىنى ماقۇللىدى. ئۇ، ئوبلاست بېجى ۋە يەرلىك باج دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەزكۇر قانۇن 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## بىرىنچى، ئوبلاست بېجى

1. روسسىيەفېدېراتسىيىسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باجلار: 1) كارخانىنىڭ مال ـ مۈلۈك بېجى؛ 2) ئورمانچىلىق كىرىمى؛ 3) سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش ھەققى؛

2. ئوبلاستلىق پارلامېنت يولغا قويۇشنى قارار قىلغان باجلار:

1) ماشىنا تارماقلىرى ئېھتىياجلىق بولغان خىراجەت، خىراجەت نىسبىتى يىللىق ماشىنا فوندىنىڭ بىر پىرسەنتى بولىدۇ، ئۇنى پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر قايسى تىجارەت گەۋدىلىرى تاپشۇرىدۇ؛ 2) كارخانا ـ ئىدارىلاردىكى قانۇنىي شەخسلەر ۋە كارخانىچى سالاھىيىتى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغان تەبىئىي شەخسلەردىن ئالىدىغان مەخسۇس باج ئوت ئۆچۈرۈش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. باج سوممىسى يىللىق ئەمگەك ئىش ھەققىنىڭ بىر پىرسەنتى بولىدۇ؛ 3) ئوبلاستنىڭ سىمۋوللۇق بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشتە ئالىدىغان بىر قېتىملىق ھەق، نام، تامغىلاردا ئوبلاست گېربى ۋە ئوبلاست بايرىقىنى ئىشلەتكەن ھەر خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى كارخانا، ئورۇنلار ئايلىق ئەڭ تۆۋەن مائاشىنىڭ 10 ھەسسىسى بويىچە ھەق تاپشۇرىدۇ. ئېلىنىدىغان ھەققىنىڭ كېلىش مەنبەسى كارخانا، ئورۇنلارنىڭ پايدا بېجى تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پايدا بولىدۇ؛ 4) ئۆسمۈرلەرنىڭ ياز پەسلىدىكى سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئارام ئالدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىراجىتى. ھەق تاپشۇرىدىغانلار ھەر خىل شەكىلدىكى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە قانۇنىي تەشكىلات شەكلىدىكى خام چوتتىن سىرتقى كارخانا ئورۇنلار، ۋەكالەت ئورنى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرىدۇر. مەخسۇس خىراجەت نىسبىتى ئەمگەك ئىش ھەققىنىڭ 0.5%ى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ھەق ئېلىش مەنبەسى كارخانا، تەشكىلات ۋە ئورگانلارنىڭ پايدا بېجى تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پايدا؛ 5) ئوبلاست بويىچە باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ۋە مۇكاپاتلىق چەك تارتىش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇرۇش ھەققى ئوبلاست خام چوتقا كىرگۈزۈلىدۇ؛ خىراجەت نىسبىتىنى ئوبلاست پارلامېنتى قارار چىقىرىپ بەلگىلەيدۇ.

3. ئوبلاستلىق پارلامېنت ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇندا بەلگىلەنگەن پۈتۈن ئوبلاست خاراكتېرلىك باشقا باج تۈزۈملىرىنى يولغا قويسا

بولىدۇ ، بىراق مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەندىن باشقا ، يەنى پايدا بېجى تاپشۇرغاندىن كېيىنكى باج سوممىسى ئۇنىڭ سىرتىدا .

ئىككىنچى ، يەرلىك باج

1 . يەرلىك باج تۈۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ : 1) تەبىئىي شەخسلەرنىڭ مال - مۈلۈك بېجى ؛ 2) يەر بېجى ؛ 3) كارخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەققى ؛ 4) دىم ئېلىپ داۋالىنىش رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش خىراجىتى ؛ 5) دىم ئېلىپ داۋالىنىش ھەققى ؛ 6) سودا ھوقۇقى ھەققى ؛ 7) پۇقرالار ۋە ھەر خىل قانۇنىي تەشكىلاتلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان مەخسۇس ئامانلىق ساقلاش ھەققى ، مۇھىتنى تەرتىپكە سېلىش ھەققى ، مائارىپ ئېھتىياجى ۋە باشقا مەقسەتتە يىغىۋېلىنىدىغان ھەق ؛ 8) ئېلان بېجى ؛ 9) ئاپتوموبىل ۋە ھېسابلاش ماشىنىنى مەخسۇس سېتىش بېجى ؛ 10) ئىت بېقىش ھەققى ؛ 11) هاراق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا رۇخسەت قىلىش ھەققى ؛ 12) يەرلىك باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ۋە مۇكاپاتلىق چەك تارتىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش ھەققى ؛ 13) ئۆي - جاي گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش ھەققى ؛ 14) ماشىنا توختىتىش ھەققى ؛ 15) يەرلىك سىمۋول خاراكتېرلىك بۇيۇملارنى ئىشلىتىش ھەققى ؛ 16) ئات بەيگىسىگە قاتنىشىش ھەققى ؛ 17) ئات بەيگىسىنىڭ لاتارىيە بېلىتى ھەققى ؛ 18) ئات بەيگىسىگە قاتنىشىش ھەققى ؛ 19) سودا بازىرىدىكى سودىلىشىش ھەققى ؛ 20) كىنو - تېلېۋىزىيە ئىشلەش ھەققى ؛ 21) ئاھالىلەر رايونىدىكى تازىلىق ھەققى ؛ 22) ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ تۈرلىرىنى قوغداش بېجى ؛ 23) يەرلىك خام چوتتىن پۇل ئاجراتقاندىن باشقا بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ، تۈرلەرنى ئۆزگەرتىش ، كارخانا تېخنىكىلىرىنى يېڭىلاش ، قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئەسلىھەلەر پۈتۈش باھاسىنىڭ 0.5% ى ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

2 . بىرىنچى ماددىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدىن سەككىزىنچى تارمىقىغىچە بولغان بەلگىلەنمىلەردىكى باجلارنى روسىيە فېدېراتسىيىسى قانۇنى بەلگىلەيدۇ ھەم پۈتۈن روسىيە چېگرىسى ئىچىدە يىغىدۇ ، كونكرېت باج نىسبىتىنى ئەگەر روسىيە فېدېراتسىيىسى قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بولسا ئوبلاستلىق پارلامېنت ياكى يەرلىك ئاپتونومىيە ۋەكىللىك ئورگانلىرى قارار چىقىرىپ بەلگىلەيدۇ .

3 . يەرلىك ئاپتونومىيە ۋەكىللىك ئورگانلىرى ، قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن لېكىن ھەر قايسى ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان پايدا بېجىدىن كېيىنكى يەرلىك پايدا بېجىنى يولغا قويىدۇ .

ئاۋاتگۈل ئابدۇساتتار (ت)

## روسىيە ، قازاقىستان چېگرا رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد سودا مۇناسىۋەت تەرەققىيات ئەھۋالى

ھازىر ، سىياسىي ئەرباب ۋە سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ، مەيلى روسىيە ، قازاقىستان ياكى باشقا دۆلەتلەرگە قارىتا ئىپتىقاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ھەمكارلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ، بۇنىدىن بۇرۇنقى مەنمەنلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلار يوقۇلۇپ ، خاتالىقلار تۈزىتىلدى . بۇ ئەھۋال ، قازاقىستاننىڭ چېگرا ياقىسىدىكى ھەر قايسى-

ئوبلاستلىرى بىلەن روسسىيىنىڭ تەرەققىي تاپقان رايونى ـ ئومسكى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردى .

ئومسكى ئوبلاستى بىلەن قازاقىستاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن چېگرا سىزىقى 1028 كىلومېتىر بولۇپ ، ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى قولايلىق جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە . بۇ ئوبلاست روسىيىنىڭ بىر ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ ، ئىككى تەرەپنىڭ تولۇق ئەتراپلىق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى .

ئومسكى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئاھالىلار ، كارخانىلار ، تەشكىلاتلار ، يەرلىك ھۆكۈمەت ، شەھەر ھەممىدە پۈتۈن دۆلەت قىزىقىدىغان ئوبيېكتىپ مۇرەككەپ بولغان ئىناق قوشنىدارلىق ئىقتىسادىي سودا ، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى .

بۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، ئومسكى ئوبلاستى كۆكچېتاۋ ، پاۋلودار ، شىمالىي قازاقىستان ۋە باشقا شەھەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەر يىلى قازاقىستان بىلەن بەزى ئىقتىساد ، پەن ـ تېخنىكا ، سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق كېلىشىملىرىنى ئىمزالاپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى .

بۇ كېلىشىملەرنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشى سودىگەرلەرنى قوشنا رايونلار ئوتتۇرىسىدا زۆرۈر بولغان كەسپىي مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىگە قىلدى .

بىراق ، 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ، ئوبيېكتىپ ئامىللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئەڭ ئاساسىي كەسپىي مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان . ئۇنىڭ زىيىنىنى تولۇق ئويلاشقاندىن كېيىن ، ئومسكى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئاي ئومسكى شەھىرىدە روسسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە قازاقىستاننىڭ چېگرا بويى رايونلىرىنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ يىغىن ئاچتى . يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر ئىقتىساد ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىشىش مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى .

1 ـ ئايدىكى ئۇچرىشىش چېگرا رايونلارنىڭ ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق ، دەپ كۆرسەتتى . لېكىن ، كېڭىشىش پىكرى ئاساسىدا ماسلىشىش ئورگانلىرىنى قۇرۇش 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئومسكى يىغىندا روسىيە ـ قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا رايونلاردا ئىقتىسادىي ھەمكارلىشىشنى ماسلاشتۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش تەكلىپىگە قازاقىستان تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى قوشۇلمىدى .

شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، ئومسكى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت يەنىلا بارلىق كۈچى بىلەن روسىيە ـ قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپلىق ئالاقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشتى . يەنى ، ئومسكى بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ تاۋار ئوبوروت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ، سودىگەرلەرگە قازاقىستان بىلەن تاشقى سودا كەسپىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى يەتكۈزۈش ، ھەتتا قازاقىستان كارخانا ۋە شىركەتلىرىگە مەسلىھەت مۇلازىمىتىنى يەتكۈزۈش قاتارلىقلار .

ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تاشقى ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى ئاساسىدا ، 1994 ـ يىلى پېتىر پاۋلوۋسكى شەھىرىدە ئومسكى

ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بىلەن قازاقىستان چېگرا رايون ھۆكۈمىتى تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئورگانلىرى مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى قانۇن، ستاتىستىكا، باج يىغىش، باھا ھەمدە ئەشەنچىلىك ھەمكارلىشىش شېرىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش قارارىنى ئىمزالىدى ۋە ئەمەلگە ئاشۇردى.

قازاقىستاننىڭ بەزى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي سودا ساھەسىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى قەرەللىك ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قازاقىستان بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى سودا ۋەكىللىرى باشقارمىسى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش كېلىشىمنى تۈزدى.

1995 ـ يىل 1 ـ ئايدا روسىيە ـ قازاقىستان چېگرا رايون ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يىغىنى، چېگرا رايون ھۆكۈمەتلىرى ماسلاشتۇرۇش ئورگانلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى تەستىقلىدى. ماسلاشتۇرۇش ئورگىنى، روسىيە ـ قازاقىستان چېگرا رايونلىرىنىڭ ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ.

بۇ ئىنچىكە دائىملىق خىزمەتلەر مۆلچەرلىگەن نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلدى، تاموژنا ستاتىستىكا مەلۇماتىدا ئىنتايىن ئېنىق سانلار بارلىققا كەلدى.

قازاقىستان مەيلى ئىقتىساد ياكى جۇغراپىيىلىك نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا بولسۇن، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئومسكى ئوبلاستىنىڭ نەتىجىسى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان شېرىكىنىڭ بىرسى بولىدۇ. ئۇ، تۇراقلىق ھالدا ئومسكى ئوبلاستى ئىمپورت ئومۇمىي مىقدارىدا بىرىنچى، ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىدا ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

قازاقىستاننىڭ 1993 ـ، 1994 ـ ۋە 1995 ـ يىللىرى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە ئومسكى ئوبلاستىغا ئېكسپورت مىقدارى ئايرىم ھالدا 58 مىليون 884 مىڭ، 68 مىليون 300 مىڭ، 35 مىليون 283 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت مىقدارى 34 مىليون 909 مىڭ 600، 33 مىليون 826 مىڭ 700، 43 مىليون 80 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئايرىم ھالدا 11.1% ۋە 31.1% بولدى.

ئومسكى ئوبلاستىنىڭ قازاقىستانغا قارىتا تاۋار ئېكسپورت ئەھۋالى تۇراقلىق بولۇپ، ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللار يېقىلغۇ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى، كاۋچۇك، كاۋچۇك مەھسۇلاتلىرى، ئانئورگانىك خىمىيۋى مەھسۇلاتلار، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

قازاقىستاندىن ئاساسلىق مىنېرال ئوغۇت ئىمپورت قىلىدۇ.

بىر تۇتاش تاموژنا رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى يېڭى ئۆلچەم ۋە مىزان شەرتى ئاستىدا، تاشقى ئىقتىسادىي كومىتېت خادىملىرى ۋىلايەت ۋە كارخانا مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشقان كېڭەيتىش يىغىنىنى ئېچىپ، قازاقىستان بىلەن ئېلىپ بارىدىغان سودىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يېڭى تەرتىپلەر مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ھەل قىلدى.

پىكىر سوراش جەدۋىلىنى چېگرا رايونلاردىكى تىجارەت ئىگىلىرىگە چۈشۈرۈپ بەردى ھەمدە ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا پىكىر سوراش نەتىجىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئويۇشتۇرۇپ، قازا-

قىستان بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بولغان ئومسكى كارخانا مۇتەخەسسىسلىرى يىغىنىنى ئاچتى . بۇ يىغىنغا 33 نەپەر كارخانا ۋەكىللىرى قاتناشتى .

مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە پىكىرلەرگە قارىتا قايتۇرۇلغان ئىنكاسلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىلدى :

1 . كۆپ ساندىكى كارخانىلار قازاقىستان بازارلىرىنى ئىنتايىن ئىستىقباللىق ، دەپ قارايدۇ ؛

2 . نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش ، ئاھالىلارنى كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتلەردە بىر قىسىم بازارلارنى كەتكۈزۈپ قويۇشتەك ئەمەلىي خەۋىپ ساقلانماقتا . قازاقىستان بازارلىرىدا جۇڭگو ، ئىران ، تۈركىيە ، پاكىستان ۋە بەزى غەرب ئەللىرى ھەتتا ئۇكرائىنانىڭ سودا شىركەتلىرى ئىنتايىن ھەرىكەتچان بولۇپ ، ئومسكى تەرەپنىڭ بولسا ئەمەلىيەتتىكى رىقابەت مۇھىتىغا ماسلىشالمايدۇ ھەم ئەنئەنىۋى ئىلگىرىلەش روھى يوق ؛

3 . سودا شىركەتلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ، قازاقىستاندا رۇبلى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ ، « پۇل تاۋار ئىزلەش » تەك ئەھۋال مەۋجۇت . سودىغا پايدىلىق بولغان ئۈنۈملۈك چارىلەرنى قوللىنىپ ، تېخىمۇ كۆپ قازاقىستان كارخانىلىرىنىڭ روسىيە بانكىلىرىدا ھېسابات تۇرغۇزۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ، دەپ قارايدۇ .

بۇنىڭ ئۈچۈن ، نەق پۇل تۆلەش ، پۇل ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى ، پۇل ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . روسىيە – قازاقىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى قاراتمىلىق ھالدا قارار كېڭىشىپ ، روسىيە – قازاقىستان سودا بانكىسىنى قۇرۇپ ، چېگرا رايونلىرىدا تارماق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى .

« روسىيە ئامانەت قەرز» بانكىسى تەسىس قىلغان ، قىسقا مۇددەتلىك راسچوت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالتە قازاقىستان تارماق بانكىسى تېرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ ، تەخمىنەن بەشتىن بىر قىسىم قازاقىستان كارخانىلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك كەسپىي شېرىككە ئايلاندى .

ئومسكى ئوبلاستى « 95 – سىبىرىيە مەنپەئەتى» دۇنيا تاۋار كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يەرمەنكىسىدە ، بانكىنىڭ كېلەچەكتىكى خېرىدارى بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئويۇشتۇرۇپ ، بانكىنىڭ كەسپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلدى ھەمدە « روسىيە ئامانەت قەرز » بانكىسىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئىككى دۆلەتنىڭ پۇل چىقىم قىلىش دەۋرى مەسىلىسىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى تاشقى ئىقتىساد كومىتېتى ، ئۆزۈندىن بۇيان ھەممە ئادەم دىققەت قىلىۋاتقان ھەمدە تېزلىكتە ھەل قىلىشنى كۈتۈۋاتقان نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى ، قازاقىستاننىڭ شىمالىي رايونىدا سودا سانائەت ئىدارىسىنى قۇرۇش تەكلىپىنى چېگرا رايون كېڭەشىش يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە تاپشۇردى .

ئىككى تەرەپنىڭ تاموژنا ، ئۆلچەم ئىدارىسى ، ھايۋانات ئۆسۈملۈك سەھىيە تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇش تەشكىللىرى ، چېگرا رايون ھۆكۈمەتنىڭ تەتقىقات ئورگانلىرىدا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . روسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى ئىقتىساد كومىتېتى ۋە قازاقىستان سودا سانائەت مىنىستىرلىكى بۇنىڭغا قارىتا تېخى ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقارمىدى .

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى «مەبلەغ سېلىش پائالىيىتى ساھەسىدە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدا» قارارى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە، مەبلەغ سېلىشتا ھەمكارلىشىش پۇرسىتىنى تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش لايىھىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئومسكى ئوبلاستى ئۆدا ئىككى يىل «سىبىرىيە مەنپەئەتى» خەلقئارالىق تاۋار كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يەرمەنكىسىنى غەلىبىلىك ئۆيۈشتۇردى. بۇنىڭ غەلىبىلىك بولۇش تەجرىبىسىنى تەتقىق قىلىش، قازاقىستاننىڭ تاۋار كۆرگەزمە قىلىش سېتىش پائالىيىتى ۋاقتىدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئەمەلگە ئاشۇرۇش لايىھىلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن پايدىلىق ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئومسكى ئوبلاستىنىڭ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىش ئەھۋالى (مىڭ ئامېرىكا دوللىرى)

| | |
|---|---|
| يېقىلغۇ ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 34127.1 |
| ئانئورگانىك خىمىيەۋى مەھسۇلاتلار | 2430.8 |
| كاۋچۇك ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى | 10826.8 |
| قارا رەڭلىك مېتاللار | 9.8 |
| ماتورلۇق ماشىنا چاقى | 7269.0 |
| سۇلياۋ ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى | 179.5 |
| پار قازىنى ۋە ئۇسكۇنىلەر | 31142.2 |
| ئورگانىك خىمىيەۋى مەھسۇلاتلار | 909.5 |
| ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە مەھسۇلاتلار | 350.8 |
| ئاليۇمىن، ئاليۇمىن مەھسۇلاتلىرى | 26.9 |
| پولات ۋە پولات مەھسۇلاتلىرى | 5.4 |
| قوغۇشۇن ۋە مەھسۇلاتلىرى | 1.6. |

ئومسكى ئوبلاستىنىڭ قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىش ئەھۋالى
(مىڭ ئامېرىكا دوللىرى)

| | |
|---|---|
| پار قازان ۋە ئۇسكۇنىلەر | 885.3 |
| شېكەر ۋە قەنت ـ گېزەكلەر | 21.6 |
| مىنېرال يېقىلغۇ | 20759.3 |
| خىمىيەۋى مەھسۇلاتلار | 219.0 |
| ئاشلىق | 502.8 |
| قارا مېتال مەھسۇلاتلىرى | 2571.6 |
| ئانئورگانىك خىمىيەۋى مەھسۇلاتلار | 755.6 |
| ئاياق تۈرلىرى | 21.3 |
| ماتورلۇق ماشىنا چاقى | 1134.9 |
| ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ماشىنا | 506.0 |
| مېۋە، ياڭاق، خاسىلق | 4.0 |
| كىيىم ـ كېچەك ۋە ئىلمە توقۇلمىلار | 199.8 |
| توقۇلما بۇيۇملار | 148.3 |
| قارا مېتال | 3307.2 |
| ئوپتىكا ئەسۋاپلىرى | 11.6 |
| ئورگانىك خىمىيەۋى مەھسۇلاتلار | 667.4 |
| سۇلياۋ ۋە مەھسۇلاتلار | 60.4 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى | 2597.0 |
| يېپىشقا ئىشلىتىدىغان تەقلىدى ماتېرىياللار | 232.9 |
| ئائىلە جاھازلىرى | 15.1 |
| ئىچىملىك ۋە ھاراق تۈرلىرى | 262.4 |
| ئاشلىق ۋە كراخمال مەھسۇلاتلىرى | 26.9 |

# قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي مۇقىملاشماقتا

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ، ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرى ئۇ . شۇكايېۋ ئالدى بىلەن «1995 ـ يىلىدىكى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۇنى ياخشىلاشنىڭ تەدبىرلىرى» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلدى . ئۇ دوكلاتىدا ، ھۆكۈمەت 1995 ـ يىلىدىكى ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە پىلانىغا ئاساسەن پۇل ئامانەت ـ قەرز ، خام چوت سىياسىتى ۋە سىرتقا نىسبەتەن ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىش قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ، مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىنى ئىسلاھ قىلدى . بازار ئاساسى ئەسلىھەلىرىنىڭ فاگجىنىنى قۇردى . ئىقتىسادىي ئەركىنلىكنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خام چوت چىقىمىنى قىسقارتىش بىلەن بىرگە نامرات قاتلامدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنىڭ كۆچىنى كېڭەيتتى ، دېدى . 1995 ـ يىلى ، زىيان تارتقان كارخانىلارغا نىسبەتەن ۋەيران بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى ۋە ۋەيران بولۇش قانۇنى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى . ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىسادىي غەيرىي تىجارەت قىلىش تەرتىپلىك ھالدا يولغا قويۇلدى ، رىقابەت مۇھىتى يارىتىلدى ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلاندى . مەسىلەن : پۇلنىڭ پاخاللىششى 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى 10% تىن تۆۋەنلەپ 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندە 3.6% كە چۈشتى ؛ دۆلەت بانكىسىدىكى تەكرار ئايلىنىدىغان پۇلنىڭ ئۆسۈشمۇ تۆۋەنلىدى : 1994 ـ يىلى 4 ـ پەسىلدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 264% ، 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 154% ، 6 ـ ئايدا 80% ، 12 ـ ئايدا 59% بولدى . 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت بانكىسىنىڭ ئالتۇن تاشقى پېرېۋوت زاپىسى تەخمىنەن 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . ئېكسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ، ئىمپورت مىقدارىنى ئازايتىشتەك ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقتىن دۆلەتنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئاكتىپ بالانس كۆرۈلدى .

ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرى يەنە ، پروگراممىدا بەلگىلەنگەن ھەر خىل فاكتورلار گەرچە ماكرو جەھەتتە ئازراق ئىزچىللاشقان بولسىمۇ ، لېكىن مىكرو جەھەتتە ئىسلاھاتنى روشەن ھالدا كەينىگە سۈردى ، بۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تەسىر يەتكۈزدى . 1995 ـ يىلى سانائەت مەھسۇلات مىقدارى 7.9% تۆۋەنلەپ كەتتى ، 44% كارخانىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئازايدى ، پەقەت پولات ـ تۆمۈر ، رەڭلىك مېتاللوگىيە ، خىمىيە ، نېفىت خىمىيە سانائىتى ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىق سانائەت تارماقلىرىدىلا مەھسۇلاتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى تۈنجى بولۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كونترول قىلدى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇردى ، ئېلېكتر كۈچى سانائىتىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلىنىشلار بولدى ، دېدى .

1994 ـ يىلى ، يېزا ئىگىلىكى بازار ئىقتىسادىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ زور ئۆزگىرىش بولدى . يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى كېڭەيدى ، سوۋخوزلار كوللېكتىپ كارخانا ، ھەسسىدارلىق كارخانا ۋە يەككە كارخانىلارغا ئۆزگەردى . يەر ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى ، كۆپ تەركىبلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شەكىللىنىشكە باشلىدى ، زۆرۈر بولغان قانۇنىي ئاساس تۇرغۇ-

زۇلـدى . يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىـ
نىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى گەرچە 30 مىڭغا
يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر قايسى
ئىشلەپچىقىرىش دائىرىلىرىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى
يەنىلا ئاز .

قازاقىستان مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈ-
رۈش ۋە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈمگە ئېرىـ
شىش ئۈچۈن بىر ۋاقىتتا يولغا قويۇلغان قۇرۇ-
لۇش تۈرلىرىنى قىسقارتتى . 1995 - يىلى دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى ئېكىباستۇز ئېلېكتر ئىستانسىسى ،
جەنۇبىي قازاقىستان ئېلېكتر ئىستانسىسى ، شور-
بىنسكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە باشقا تېرمو
ئېلېكتر ئىستانسىسى ، توك بېرىش لىنىيىسى ،
توك بىلەن تەمىنلەش تورى قاتارلىقلارنى قۇ-
رۇپ ، قازاقىستاندا بىردەك توك بىلەن تەمىنلەش
سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە قولايلىق ياراتتى .
ئاتراۋ — نوۋوروسسىكى ئوتتۇرىسىدىكى سىرتقا
نېفىت توشۇش تۇرۇبىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق
قۇرۇلۇشى ئىش باشلىدى . دېڭىز پورتى بىلەن
ئاۋىئاتسىيە پورتلىرى داۋاملىق قۇرۇلۇپ ۋە ئۆز-
گەرتىپ قۇرۇلۇپ ، قازاقىستان خەلقئارا ئاۋىئاتـ
سىيە لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك
قىلىندى .

1995 - يىـلى چەت ئەل كاپىتالىغا تايىـ
نىپ «لاخت — پاللاس» مەيخانىسىنى قۇردى ،
بۇ ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى شۇنداقلا سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى بىردىنبىر
بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
قازاقىستان يەنە كۆمۈر قېزىش كارخانىسى ۋە
خەلقئارا ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سانلىق
كونترول قىلىش تېلېفون سىستېمىسىنى كىر-
گۈزدى ، قاتناش ترانسپورت لىنىيىسىنى ياخشىـ
لىدى .

1995 - يىلى ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ
ئەھۋالى ياخشى بولمىدى ، ئىشسىزلارنىڭ سانى
كۆپەيدى ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن
ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ سان پەرقى زور
بولدى . ئاھالىلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى تۆۋەنـ
لىدى . بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد
تارماقلىرىدا بۇ ئەھۋال ئېغىر بولدى .

بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەيتىلگەن
يىغىنىدا ، مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ مىنىسترى ئا .
پاۋلوۋ 1995 - يىللىق قازاقىستان خام چوتىنىڭ
ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە
خۇلاسىلىدى . ئۇ ، ھۆكۈمەت پۇل مۇئامىلە سىـ
ياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن ، مالىيە ئىقتىساد
جەھەتتە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى ، دېدى .
1995 - يىلىنىڭ ئاخىرى قازاقىستان تۇنجى قېتىم
بۇ مەزگىللىك تاشقى قەرزنى تۆگىتىپ ، سودا
شېرىكلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

دۆلەتنىڭ خام چوت كىرىمى 188 مىليارد
تەڭگىدىن ئاشتى ، خام چوتتىكى قىزىل رەقەم 27
مىليارد 300 مىليون تەڭگە بولۇپ ، بۇ دۆلەت
ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ
2.8% نى ئىگىلەيدۇ .

1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن
باشلاپ يىللىق باج كىرىمى ئايدىن - ئايغا
ئاشتى . كەم تاپشۇرۇلغان باجدا ۋەكالەتچى كەم
تاپشۇرغان قىممىتى ئاشقان باج ۋە تاپاۋەت بېجىـ
نىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ زور . ئىدارىلەر ئا-
رىسىدىكى ئۆچ بۇرجەكلىك قەرز مەسىلىسى يە-
نىلا مەۋجۇت بولۇپ ، ئالىدىغان ۋە تاپشۇرىدىغان
قەرز پۇل ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە .

1995 - يىلى مالىيەدىن ئاجرىتىلغان ئەڭ
مۇھىم تۈر مائاش بولۇپ ، پەقەت پۇل كۆپرەك
بولغاندىلا باشقا تۈرلەرگە پۇل ئاجرىـ
تىلدى . 1995 - يىلى دۆلەت خام چوتىدىكى
چىقىم 81.9% ئورۇندالدى . ئىقتىسادىي تارماقلارنى
يۆلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن پۇل 21 مىليارد 400
مىليون تەڭگە بولدى . باشقا تۈرلەرگە مەخسۇس

پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ قۇرۇلۇش بانكىسى، ئىمپورت - ئېكسپورت بانكىسى، گۈللەندۈرۈش بانكىسى ۋە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىدىغان پۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاخىرىدا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى ئا. كاراگودىن خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە: خەلق ئەڭ زور دەرىجىدە ھازىرقى ئىسلاھاتقا نىسبەتەن ئومۇمىي تونۇشنى تۇرغۇزدى، ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسىنى ۋە 1996 - يىللىق ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ماكرو ئىقتىسادنىڭ تۇراقلىقلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەشكىلىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە قانۇنىي ئىسلاھاتتا ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىش، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش؛ ئەمەلىي ئوتتۇرىچە مائاش كىرىمىنى كۆپەيتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تۇرمۇش كاپالىتى يوق قاتلامدىكىلەرنى نۇقتىلىق قوغداش كېرەك، دېدى.

# بۈگۈنكى موسكۋا بازىرى

موسكۋا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شەھەر. نۇرغۇن دوستلار موسكۋانىڭ بازار ئەھۋالى ۋە بازار ئۆزگىرىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تۆۋەندە موسكۋا بازىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**تاۋارلىرى مول بولۇپ بازار يېڭى تۈس ئالدى.**

بۇ يىل موسكۋا بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولدى. بۇ يىللىق ماي بايرىمىدىكى بازار ئەھۋالى بۇرۇنقى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدۇ، نۇرغۇن ماگىزىنلار يېڭىدىن بېزەلگەن بولۇپ پوكەيلەرگە تىزىۋېتىلگەن تاۋارلار كۆزنى چاقنىتىدۇ.

مۇخبىر موسكۋا شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان دۆلەتلىك تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى بىلەن مەركىزىي تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ئىككى ماگىزىن خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە پاي تۈزۈمى ھەم «ئىجارىگە بېرىش» ياكى «ھۆددىگە بېرىش» تىجارەت شەكلىنى قوللانغان. بۇ يەردە تاۋارلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ پوكەيلەر چىرايلىق بېزەلگەن. نۇرغۇن تاۋارلارنى مەسىلەن، كىيىم - كېچەك، ئاياقلارنى خېرىدارلار ئۆزى تاللاپ، كىيىپ سىناپ باققاندىن كېيىن سېتىۋالسا بولىدۇ، بىر قىسىم تاۋارلارنى پىركازچىكلار خېرىدارلارغا ئېلىپ بېرىدۇ، سېتىۋالسىمۇ، سېتىۋالمىسىمۇ بولىدۇ.

موسكۋا بازارلىرىدا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارمۇ ئاز ئەمەس، بۇ يەردىن ياپونىيىنىڭ ئېلېكتر سايمانلىرى، ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم ئاياقلىرى، فرانسىيىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئاپتوموبىللىرى، ئامېرىكىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ھىندىستاننىڭ چېيى، ئېكۋادورنىڭ بانان ۋە ئاناناسلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

**ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، باھاسى قىممەت.**

موسكۋا ماگىزىنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن.

چوڭ تىپتىكى سودا سارايلىرى ، تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى ، كىچىك دۇكانلار ، بوتكىلار ، قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە كۆكتات دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى كوچىلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان موسكۋا شەھىرىدە كۆكتات ، مېۋە - چېۋە ، قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە كىيىم - كېچەك ساتىدىغان بىر تۈركۈم چوڭ تىپتىكى ئەركىن بازار ۋە توپ سېتىش بازىرى پەيدا بولدى . بۇ ئەركىن بازارلاردىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپ باشقا نورمال دۇكانلارغا قارىغاندا خەلقنىڭ تېخىمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى .

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان موسكۋا بازىرىدىكى روشەن بىر ئۆزگىرىش مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتىدۇر ، بۇ رۇبلى ئارقىلىق ھېسابلىنىدىغان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كۆرستىپلا قالماستىن ، ئامېرىكا دوللىرى قاتارلىق ئەركىن تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق ھېسابلىنىدىغان مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنىمۇ كۆرستىدۇ . مەسىلەن ، موسكۋانىڭ ئالبات كوچىسىدىكى ئەڭ چوڭ قوشۇمچە يېمەكلىك دۇكىنىدا 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ئىككى كىلوگرام چوشقا گۆشى سېتىۋالغىلى بولاتتى ، ھازىر بولسا 10 ئامېرىكا دوللىرىغا بىر كىلوگرام سېتىۋالغىلى بولىدۇ . لېكىن بۇ يەر موسكۋادىكى باھاسى ئەڭ يۇقىرى دۇكان ئەمەس . باھاسى ئەڭ قىممەت يەرلەر يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىغان سودا سارايلىرىدۇر . مەسىلەن ، مىچۇرىن كوچىسىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىغان سودا سارىيىدا بىر دانە يۇگىسمە پۇرە 5700 رۇبلىغا (بىر ئامېرىكا دوللىرى 4940 رۇبلىغا تەڭ) ، يېرىم كىلوگرام قىلىپ قاچىلانغان بىر خالتا جۇڭگو گۇرۇچى 1700 رۇبلىغا ، بىر كىلوگرام كۆك لازا 59000 رۇبلىغا ، بىر كىلوگرام جۇڭگو بەسيى 27000 رۇبلىغا ، بىر كىلوگرام ئالما 22000 رۇبلىغا سېتىلىدۇ .

روسىيىدە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئېغىر بولۇپلا قالماستىن ئۆز تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشىمۇ ئېغىر ، مەسىلەن ، 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا روسىيىلىك ئاياللار ياقتۇرىدىغان مۇرە يويۇقىنىڭ بىرىنى 10 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغىلى بولاتتى ، ھازىر 30 نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، بۇرۇن بىر جۈپ كانكى بەتىنكىسىنى 3 - 5 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغىلى بولاتتى ، ھازىر 100 نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا ، بۇرۇن ئەرلەرنىڭ بىر دانە سوكنا پەلتۇسىنى 27 - 30 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغىلى بولاتتى ، ھازىر 150 - 200 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ (باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن تاۋارلارنى كۆرستىدۇ) .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەيلى شەرقتىن ياكى غەربتىن كەلگەن مېھمانلار بولسۇن ھەممىسى موسكۋادىن نەرسە سېتىۋېلىشنى خالىمايدۇ .نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەرمۇ موسكۋادا مال باھاسى بەك قىممەت ، دەپ قارايدۇ .

**يۇقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن دەرىجىلىك تاۋارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بازىرى ئىتتىك .**

بەزى كىشىلەردە مۇنداق بىر قاراش بار ، روسىيىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادى كەينىگە چېكىنىپ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلىگەنلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى ياخشى ئەمەس ، دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ، موسكۋادا بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ، باھاسى قىممەت تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمىنى روسىيىلىكلەر سېتىۋالىدۇ . بۇ يەردە بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پۇلدارلار تازا كۆپەيدى ، 1993 - يىلدىن بۇيان موسكۋادا ئاپتوموبىللارنىڭ سانى ئۈچتىن بىر قىسىم كۆپەيدى ، ئۇنىڭ

ئۆستىگە كۆپىنچىسى شەخسلەر ئىمپورت قىلغان ئاپتوموبىللاردۇر . روسسىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىگە قاراپ باقايلى ، بۇ يىل 1 ـ ، 2 ـ ئايلاردا ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدىغانلار 25 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ پۈتۈن روسسىيە نوپۇسىنىڭ 17% نى ئىگىلەيدۇ . موسكۋا شەھىرى روسسىيىدىكى ئەڭ باي شەھەر بولۇپ بۇ يەردىكى بايلار 30% تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ ، ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 400 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغانلار بىر مىليوندىن ئاشىدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرىچە كىرىمى 300 مىڭ رۇبلىدىن (60 ئامېرىكا دوللىرى) تۆۋەنلەر 20% نى ئىگىلەيدۇ ، يەنى 25 ـ 26 مىليونغا يېتىدۇ . ھەتتا موسكۋادا ئوتتۇرىچە كىرىمى ئوتتۇرا ، تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرىدىغانلارمۇ مۇتلەق كۆپ سانني ئىگىلەيدۇ ، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ، قىممەت باھالىق تاۋارلارنى سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزان باھالىق ، چىرايلىق تاۋارلارمۇ موسكۋادا قارشى ئېلىنىدۇ ، مەسىلەن ، جۇڭگونىڭ يېنىك سانائەت توقۇلما بۇيۇملىرى ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ، فار ـ فۇر بۇيۇم ۋە يېمەكلىك قاتارلىقلار .

موسكۋادا مال ساتىدىغان ئىككى جايدا ئادەم ئەڭ كۆپ ، بىرى ئەركىن بازار ، يەنە بىرى بولكا (ئاساسلىق تاماق) ، سۈت ۋە كۆكتات ساتىدىغان يەر . چۈنكى بىرىنچىدىن ئەركىن بازاردا مال باھاسى نىسبەتەن ئەرزان بولۇپ ئوتتۇرا ، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقلەر ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ؛ يەنە بىرى بولكا ، سۈت ۋە كۆكتات كۈندە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر .

بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ، قىممەت باھالىق تاۋارلارنى ساتىدىغان ماگىزىنلارغا ئوتتۇرا ، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر ناھايىتى ئاز بارىدۇ ، كىرىمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ چوڭ ماگىزىنلاردىكى خېرىدارلار سانىنىڭ ئۇلغۇدەك دەرىجىدە ئاز .

موسكۋادا بازارغا چىقىپ بىر ئاشپۇزۇل تېپىپ ئاددىي غىزالىنىۋېلىش ناھايىتى قىيىن ، بىرەر پىيالە چاي سېتىۋېلىپ ئىچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئادەتتە ئاشپۇزۇللار ناھايىتى ئاز ، ئەگەر بىر جۇڭگو ئاشپۇزۇلىغا كىرمەكچى بولسىڭىز 30 ئامېرىكا دوللىرى يۈلىڭىز بولمىسا كىرەلمەيسىز . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بازارغا چىققاندا چۈشتە ئۆيگە قايتماقچى بولسىڭىز بىرى چىداپ يۈرىشىڭىز كېرەك ، يەنە بىرى بولكىخانىغا كىرىپ بولكا سېتىۋېلىپ يېسىڭىز بولىدۇ .

# شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى سۇ ئۆتمەيدىغان يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ چىقتى

شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىلمە توقۇلما بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، خەلقئارادىكى ئىلغار خىمىيىلىك ياردەم بەرگۈچى دورا ۋە يېڭى تىپتىكى پىششىقلاش ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەمدە ئاخىرىدا رەتلەپ تۇراقلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئالىي سۈپەتلىك سۇ ئۆتمەيدىغان يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنى تىكىدىغان رەختنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ چىقتى .

بۇ مەھسۇلاتنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكى يامغۇر ۋە سۇ ئۆتۈشتىن قورقمايدۇ ، قول سېزىمى تولۇق ، نەپىس سىلىق ،

رەخت يولى ئېنىق ۋە ئېلاستىكلىقى ياخشى . بۇ خىل كۆپ ئىقتىدارلىق يېڭى تىپتىكى سۇ ئۆتمەيدىغان يۇڭ توقۇلما رەخت ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەنلا بازىرى ئىتتىك مالغا ئايلىنىپ ، ئىستېمالچىلار ۋە كىيىم - كېچەك سودىگەرلىرى بەس - بەس بىلەن سېتىپ ئېلىشقا باشلىدى .

## روسىيىنىڭ يۈرۈشلەشكەن يېزا ئىگىلىك ئۈسكۈنىسى ياۋروپا بازارلىرىغا كىردى

بىرىنچى تۈركۈمدە سانائەتتە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە روسىيە « كاماز» ماركىلىق ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىدا قۇراشتۇرۇش تاماملاندى . بۇ ئۈسكۈنە 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى سودا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن بولۇپ ، ئۈسكۈنىنىڭ كېرەكسىز گاز تەركىبىدىكى توپا - چاڭنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى ۋە زەھەرلىك مىقدارىنى چىقىرىپ تاشلاش ئىقتىدارى ياۋروپا ئۆلچىمىگە مۇناسىۋەتلىك تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كەلدى . 1995 - يىلى ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بۇ خىل چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىدىن 150 نى ئىمپورت قىلدى .

## قازاقىستان ئارال دېڭىزىدە يېڭى نېفىتلىك تاپتى

خەلقئارالىق « قازاقىستان دېڭىز - قۇرۇقلۇق بازىسى» مالىيە گۇرۇھى ، يېڭى بىر يىلدا يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك كۆزىتىشنى كونترول قىلىش خىزمىتىنى تاماملاشنى پىلانلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بۇرغىلاشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىغا كىرمەكچى . 1997 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا يەر تەۋرەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي تاماملاپ ، 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1998 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە دەسلەپكى قەدەمدىكى مۆلچەر نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ، ئارال دېڭىزىدە بىرىنچى نېفىت گازى قۇدۇقىنى قېزىپ چارلاش مەشغۇلاتىنى باشلىماقچى . بىرىنچى قېتىملىق مۆلچەرلەش نەتىجىسى ، بۇ جاينىڭ نېفىت گازى ئىستىقبالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . مۆلچەرلەش مەلۇماتلىرى تېنىگىز كۆلىنى بىردىنبىر ئەڭ ئىستىقباللىق نېفىت گازى قۇرۇلمىسى بولغان جاي ، دەپ ئاتاشقا بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى . مۆلچەرلەشلەرگە ئاساسلانغاندا ، تېنىگىز كۆلى نېفىتلىكىنى ئېچىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ۋاقتىدا ھەر يىلى 30 - 35 مىليون توننا نېفىت ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . مۆلچەر ھېسابقا ئاساسلانغاندا ، 2020 - يىلى ئارال دېڭىزى نېفىتلىكى تەخمىنەن 60 - 65 مىليون توننا نېفىت بىلەن تەمىنلىيالايدۇ . بۇ مىقدار قازاقىستان ئومۇمىي نېفىت مىقدارىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ .

ئەگەر ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدىغان بولسا ، 2003 - يىلىغا بارغاندا ئارال دېڭىزىدىن رەسمىي نېفىت ئېلىنىشقا باشلايدۇ . ئۇ ۋاقىتتا بىرىنچى توننا نېفىت نېفىت توشۇش تۇرۇبىسىغا قويۇلىدۇ . چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ باھاسىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ دۇنيا بويىچە 1 - دەرىجىلىك لايىھىلەش پىلانى بولىدىكەن . مۆلچەر-

لىنىشىچە ھەر يىلى بۇ لايىھە پىلانىغا 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدىكەن . بۇ مەبلەغلەرنى پەقەت نېفىتلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ قالماستىن بەلكى يەنە جايلارنىڭ نورمال نېفىت ئاساسىي تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەپپىگىمۇ ئىشلىتىدۇ .

# قىرغىزىستان بازارلىرىدىكى نېفىت

يېقىندا ، قىرغىزىستاننىڭ ماي قاچىلاش پونكىتلىرىدىكى بېنزىننىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ ، بىر لىتىر A76 - نومۇرلۇق بېنزىننىڭ باھاسى تەخمىنەن 30 ئامېرىكا تىيىنىغا چىققان . AN—93 نومۇرلۇق بېنزىن 5% قىممەتلىگەن ، سېتىپ ئالىدىغان ۋاقىتدا ئۇلارنىڭ ساختا مەھسۇلات بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ . چۈنكى زور تۈركۈمدىكى بېنزىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن .

ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن بېنزىننى ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان چەت ئەلنىڭ داڭلىق قاتناش قوراللىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان . شۇڭلاشقا ، بېشكېكتە شۋېتسىيىنىڭ بېنزىنى سېتىلىشقا باشلىدى . بىراق بۇ بېنزىننىڭ ئوكتان قىممىتى ، ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان AN—95 نومۇرلۇق بېنزىندىن ئېشىپ كەتكەن . شۋېتسىيە بېنزىنىنىڭ باھاسى ھەر بىر لىترىنىڭ 0.5 دوللاردىن يۇقىرى بولۇپ كەتكەن . پەقەت ئىمپورت قىلىشقا قارىتا ئېيتقاندا ، ھەر ئايدا جەمئىي بىر نەچچە چوڭ ماي ساقلايدىغان ئىدىشقا توغرا كېلىدىغان ماي مىقدارىغا مۇھتاج . مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى : جۇڭگونىڭ بېنزىنىنى يەرلىك ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ، شۇنىسى بېنزىنىنىڭ پۇرىقى بەك كۈچلۈك ، دەپ كۆرسەتكەن . شۇڭلاشقا ، جۇڭگو قىرغىزىستاننىڭ داۋاملىق مال بىلەن تەمىنلەيدىغان خېرىدارى .

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ، قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدە ھازىرغىچە بېنزىن كەمچىل بولۇپ باقمىدى . بېنزىن ئۈزۈن مەزگىل داۋاملىق كېرەك نەرسە بولغاچقا بېنزىن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش پايدىلىق ئىش . سودىگەرلەر مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان زاۋۇتلارغا تايىنىدىغان بولۇپ ، بۇ زاۋۇتلار بېنزىننىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ . بىراق چەت ئەللەردىن نېفىت توشۇپ كېلىش مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، بۇ خىل ئەھۋال ئانچىلىك ئاددىي ئىش بولماي قىلىشى مۇمكىن .

# «زىيانلىق ئىمپورت» قىرغىزستان كارخانىلىرىغا زىيان سالماقتا

يېقىندا قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى قىرغىزستاندىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن قىرغىزستان خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. ئىلگىرى زور كۆرگەزمىلەرنى، مۇكاپاتلىق سېتىش، كىيىم مودېللىرىنىڭ نومۇرلىرى، تاۋار نۇسخىلىرى كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ نام چىقارغان «ئىلبىرس» توقۇمىچىلىق بىرلەشمە شىركىتى ۋەيران بولغان ئىدى.

دۆلەت زۇڭلىسى جۇماگۇلوۋ يىللىق خۇلاسە دوكلاتىدا بۇنى ھەقىقىي تۈردە دەلىللىدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئالاھىدە كۆرسەتتى: 1995 ـ يىلى قىرغىزستاننىڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە رەخت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 66%تىن كۆپرەك ئازلاپ كەتتى، ئىسكىلاتتا بولسا نۇرغۇنلىغان تۈرمۇش بۇيۇملىرى بازار تاپماي بېسىلىپ قالدى، ئۇنىڭ قىممىتى 100 مىليون سومىدىن ئاشىدۇ. «ئىلبىرس» توقۇمىچىلىق بىرلەشمە شىركىتىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ رىقابەت كۈچى يوقلۇقىدىن بولغان بولۇپ بازار رىقابىتىدە سۈپەتلىك تاۋارنىڭ ساختا تاۋار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بىراق ھازىر قىرغىزستاننىڭ بىشكېك ۋە باشقا شەھەرلىرى شۇنداقلا يېزا ـ بازار دۇكانلىرىدا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار توشۇپ كەتكەن، بۇ تاۋارلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئۆز دۆلىتىدىكى تاۋارلاردىن ياخشىمۇ؟

يېقىندىلا قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئۆلچەم كومىتېتىنىڭ خىزمەتچىلىرى باللار بۇيۇملىرى بولۇپمۇ باللار كىيىملىرىگە نىسبەتەن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈردى، نەتىجىدە ئىمپورت ماركىسى چاپلانغان، رەڭلىرى ئوچۇق بولغان باللار ئىشتان پايپىقى، كالتە يەڭ مايكا، باللار ئىچ كىيىمى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى «سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش ۋە تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي ئۆلچىمى»گە يەتمىگەن. باللار بۇ خىل كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن راھەت ھېس قىلمىغان ھەمدە زىيادە سېزىم ۋە تېرە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بولغان. ئىمپورت قىلىنغان بۇ تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمى بىرىنچى تالادىن ئىشلەنگەن. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنىدا سۈنئىي تالا ئارقىلىق باللار كىيىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىشىمۇ كۈچلۈك. «ئېدېر ـــ ۋېيس» باللار پايپىقى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ دېرىكتورى A. ساۋرتىسكىي مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىشلەپچىقارغان ھەر بىر تۈركۈم مەھسۇلات 12 تۈرلۈك تەكشۈرۈشتىن ئۆتىدۇ، لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئاندىن زاۋۇتتىن چىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن زاۋۇتىمىز ھەر يىلى 27 مىڭ سوم راسخود ئىشلىتىدۇ. جۇڭگو، تۈركىيە ۋە چاۋشەندىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمى تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەيلا قىرغىزستانغا كىرگەن، چۈنكى بۇ تاۋارلارنىڭ باھاسى دۆلەت ئىچىدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن. قىرغىزستان يېنىك سانائىتىنىڭ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىدا ھېچقانداق كونكرېت سەۋەب يوق: يەنى خام ئەشيا ئۆزىنىڭ، ئەمگەك كۈچى ئەرزان، بازارنىڭ ئېھتىياجى چوڭ. ئەمەلىيەتتە

بۇ خىل ئەھۋالنى كارخانىنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنى كارخانىلار باللارنىڭ ئەرزان باھالىق كىيىملىرىنى ئىشلەپچىقارمىغان.

قىرغىزىستاننىڭ يېنىك سانائىتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن تۆۋەنلىدى. يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكىنى دەل «كىچىك سودا بازارلىرىدىكى ئىمپورت تاۋارلىرىدۇر». قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1995 - يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى يىغىنىدا: بۇ تاۋارلارنىڭ كۆپ قىسمى تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن، باج تاپشۇرمىغان تاۋارلار، دەپ كۆرسىتىلگەن. يىغىندا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: قىرغىزىستاندا مېكسىكىدىكى تراگېدىيە قايتا تەكرارلاندى، يەنى دۆلەت ئىمپورت تاۋارلىرىنى قاتتىق تەكشۈرمىگەنلىكتىن ئۆز دۆلىتىنىڭ يېنىك سانائىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان.

دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يوق؛ دۆلەت ئۆلچىمىنىڭ رولى چوڭ ئەمەس؛ بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشماي بۇ تاۋارلارنى ئىمپورت قىلغان.

بۇ تاۋارلارنىڭ زەربىسى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى زاۋۇت، شىركەت، بىرلەشمە كارخانا ھەتتا «ئېلبىرس» بىرلەشمە كارخانىسىغا ئوخشاش زور كارخانىلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سىنىپ چىقىرىلدى. ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئېيتىلغاندەك ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بېرىلغىنى دەل قىرغىزىستاننىڭ يېنىك سانائەت تارماقلىرىدۇر.

ئەگەر دۆلەت تاموژنىنى چىڭ تۇتمىسا ئۇنداقتا قىرغىزىستان يېنىك سانائىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## روسىيە پولات ماتېرىياللىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى

1995 - يىلى، روسىيە مېتاللوگىيە كارخانىسى پروكاتلانغان تەييار ماتېرىيالدىن 21 مىليون 300 توننا، دەسلەپكى ئاليۇمىن ماتېرىيالىدىن 315 مىڭ توننا ئېكسپورت قىلدى. بۇ نەتىجىلەر روسىيە ھۆكۈمىتى قوللانغان ئېكسپورت باج نىسبىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش، بىر قىسىم مېتاللارنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى تولۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلغاندا تاموژنا بېجىنى تاپشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق تاموژنا بېجىنى قوغداش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمىدە قولغا كەلگەن.

1995 - يىلى، روسىيە قارا رەڭلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال بۇيۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ۋە 6 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشتى (1994 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5 مىليارد 100 مىليون ۋە 4 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى). دۇنيا مېتال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە رۇبلى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى ئاستىدا، مېتاللورگىيە كارخانىسى چەت ئەللەردىكى پايدىلىق بولغان بازار ۋەزىيىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئېكسپورتنى كېڭەيتىپ، كارخانا ئۈچۈن پايدا ياراتتى.

لېكىن، 1996 - يىلى روسىيىنىڭ دۆلەت پۇلى — رۇبلى تۇراقلىق بولدى. مېتال بازىرىدىكى باھا تۆۋەنلەشكە باشلىغان ۋە روسىيە مېتاللورگىيە كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۆرلىگەن ئەھۋال ئاستىدا، روسىيە

مېتاللورگىيە سانائىتى كومىتېتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مېتالنىڭ ئىقتىسادىي مۇۋاپىق ئېكسپورت سوممىسى ئۈچتىن بىر قىسىم ئازىيىدىكەن.

براتسكى شەھىرىدىكى ئاليۇمىن زاۋۇتىنىڭ دەسلەپكى ئاليۇمىن ماتېرىيالىنىڭ ساپ پايدىسى بىلەن ئېكسپورت باھاسىنىڭ نىسبەت قىممىتى پەقەت 0.6% بولدى (1995 - يىلى 12 - ئايدا ھەر بىر توننىسىنىڭ 1501 ئامېرىكا دوللىرى بولغان). كېشكىمىسكى مېتال تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ مىس ئېكسپورت قىلىش سودىسى (بىر توننىسى 2574 ئامېرىكا دوللىرى)، غەربىي سىبىرىيە پولات - تۆمۈر بىرلەشمە شىركىتىنىڭ ئوقۇرسىمان پولات ئېكسپورت قىلىش سودىسى ۋە چېرېپوۋېتىس پولات - تۆمۈر بىرلەشمە شىركىتىنىڭ رېزبا پولات ئېكسپورت قىلىش سودىسى قاتارلىق سودىلارنىڭ ھەممىسى زىيان تارتقان تىجارەت بولدى.

بارلىق كارخانىلار چويۈن ۋە يېرىك ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ زىيان تارتتى. پەقەت يېڭى لىپېتسكى، چېرېپوۋېتس، ئورسكى — خالىرووۋسكى ۋە ماگنىتوگورىسكىدىكى پولات - تۆمۈر بىرلەشمە شىركەتلىرى بىر قىسىم پروكاتلانغان تاختىلارنى ئېكسپورت قىلىپ، چىقىمنى تولدۇرۇۋالدى.

روسىيە مېتاللورگىيە سانائىتى كومىتېتىنىڭ رەئىسى سېرافىم. ئافونىنىڭ ئېيتىشىچە، 1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، دۇنيا بازىرىدىكى پولات تاختا ماتېرىيالىنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 80 — 100 ئامېرىكا دوللىرى، شەكىللىك ماتېرىياللارنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 30 — 50 ئامېرىكا دوللىرى تۆۋەنلەپ كەتكەن. لوندون مېتال بىرژىسىدىكى ئاليۇمىن ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى 1995 - يىلى 2 - ئايدىكى ھەر بىر توننىسى 2220 ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەنلەپ 11 - ئايغا كەلگەندە بىر توننىسى 1700 ئامېرىكا دوللىرىغا؛ مىس 7 - ئايدىكى بىر توننىسى 3160 ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەنلەپ 11 - ئايغا كەلگەندە بىر توننىسى 2860 ئامېرىكا دوللىرىغا؛ نىكېلنىڭ باھاسى 95 - يىلى 1 - ئايدىكى بىر توننىسى 10000 ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەنلەپ 12 - ئايغا كەلگەندە بىر توننىسى 8000 ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالدى.

روسىيە مېتاللورگىيە سانائىتى كومىتېتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1996 - يىلى روسىيىدىكى تەييار پروكاتلانغان ماتېرىياللارنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئازىيىپ 9 مىليون 100 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بۇ 95 - يىلىدىكىنىڭ 42.7% گە تەڭ؛ شەكىللىك ماتېرىياللار 69.8%، تاختا ماتېرىياللار 62.5%، ئىسسىق پروكاتلانغان تاختا 50% كە چۈشىدىكەن؛ پەقەت سوغۇق پروكاتلانغان تاختىلا 95 - يىلىدىكى ئېكسپورت مىقدارىنى ساقلاپ قالالايدىكەن (2 مىليون توننا).

خەلقئارا بازارنىڭ كاساتلىشىشى، روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا مېتاللورگىيە سانائىتىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇرەككەپلەشتى. 1995 - يىلى، روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مېتالغا بولغان ئېھتىياجى ئومۇمەن 19 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، 94 - يىلىدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. روسىيە ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكىنىڭ مۆلچەرلىشىچە 1996 - يىلى روسىيىنىڭ مېتالغا بولغان ئومۇمىي ئېھتىياج مىقدارى 94 - ۋە 95 - يىللىرىدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالىدىكەن.

روسىيىدە رۇبلىنىڭ پېرېۋوت مىقدارى ئۆرلىگەنلىكتىن، دۆلەت ئىچىدىكى مال باھاسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بېلورۇسىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق جايلار روسىيە بازارلىرىدا مېتال سېتىپ پايدا ئالماقتا. بېلورۇسىيە ۋە ئۇكرائىنالارنىڭ پۇل پېرېۋوت مىقدارى تۆۋەن، مېتال-

لورگىيە سانائىتى مەھسۇلات ئېكسپورت قىلغاندا تۆمۈر يول ترانسپورتىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ جايلارنىڭ مېتال ئېكسپورت قىلىشىغا پايدىلىق.

ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش روسىيە مېتاللورگىيە كارخانىسىدىكى بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئانالىز قىلغاندا، يېقىلغۇ ۋە ئېنېرگىيە كۈچى 1995 - يىلى %39.5 سەرپ بولغان، بۇ 1991 - يىلىدىكىنىڭ %16.4 گە تەڭ. تۆمۈر يول ترانسپورت سەرپىياتى (تەننەرخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) %6.3 دىن ئۆسۈپ %19كە يەتتى. تەبىئىي مونوپول مۇلازىمەت باھاسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى بىلەن، تاختا ماتېرىياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەرپىيات تۈزۈلمىسىدىكى يېقىلغۇ ۋە ئېلېكتر كۈچى سەرپىياتى %38نى ئىگىلىدى، گېرمانىيىدە پەقەت %24نى ئىگىلەيدۇ. تۆمۈر يول ترانسپورت باھاسى بىلەن خام ماتېرىيالنىڭ باھاسى تەڭپۇڭلاشتى. ئەگەر بىر كارخانا دېڭىز پورتىدىن 5000 — 6000 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپ مېتال بۇيۇملارنى چەت ئەللەرگە ساتىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق پايدا بولمايدۇ.

مېتاللورگىيە كارخانىلىرى پەقەت باھانىلا ئۆستۈرۈپ، رىقابەت كۈچىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرمىسا، ئىشلەپچىقىرىش پايدىسىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئاليۇمىن پىششىقلاش كارخانىلىرى چەت ئەلدىن دەسلەپكى مېتاللارنى سېتىۋالسا، ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقارغاندىن پايدا بولىدۇ. لوندون بىرژىسىدىكى ئاليۇمىنىنىڭ بىر توننىسى 1500 ئامېرىكا دوللىرى تۇرىدۇ، ئەڭ ئەرزان مېتال ئىشلەپچىقىرىدىغان كراسنويارىس ئاليۇمىن زاۋۇتىدىكى بىر توننا ئاليۇمىنىنىڭ باھاسى بولسا 1960 ئامېرىكا دوللىرى، براتسىدىكى ئاليۇمىن زاۋۇتىنىڭ (قىممىتى ئاشقان باجنى ئىچىگە ئالمايدۇ) 2200 دوللار تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدىكى مېتال بازىرىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيلا قويسا بولىدۇ. بىر بولسا ئىمپورت تاموژنا بېجىنى يولغا قويۇش كېرەك، ياكى بولمىسا دۆلەت ئىچىدىكى لوندون بىرژىسىنىڭ باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، روسىيە ھۆكۈمىتى بىر قارارنى تۈزىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تەبىئىي مونوپول تارماقلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمەت باھاسى، سانائەت باھاسى ئۆسۈشىنىڭ 0.8 كوئېففىتسېنتى دائىرىسى ئىچىدە ئۆسۈشى كېرەك. ئۆسۈش پۇل پاخاللىقىنىڭ ئۆسۈشىدىن تۆۋەن بولۇشى ھەمدە سېتىش سوممىسىنى كېڭەيتىشكە تايىنىش قاتارلىق پايدىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان باشقا تارماقلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەش لازىم.

ھازىر، مېتاللورگىيە كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج پۇلى پايدىسىنىڭ %75 گە يەتتى.

## روسىيە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى

1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ روسىيە فېدېراتسىيىسىدە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن تولۇقلىما قانۇنى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئىستېمالچىلار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار-

نىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تاقالدى .

ئىلگىرى ، تاۋارلاردا مەلۇم نۇقسان كۆرۈلسە ئىستېمالچىلارنىڭ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقى بار ئىدى . هازىر ، تېخنىكىسى مۇرەككەپ تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇش چەكلىمە ئۇسۇلى بار بولدى . تاۋارلاردا پەقەت ئېغىر نۇقسان كۆرۈلگەندە ئاندىن ئۇنى ئالماشتۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە . مۇددەت بەلگىلەشتىمۇ ئۆزگىرىش بولدى . بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ، ساتقۇچى تەرەپنىڭ ئىستېمالچىلار تەلىپى بويىچە تاۋارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش ياكى توختامنى بىكار قىلىش مەجبۇرىيىتى بار . ساتقۇچى تەرەپنىڭ ( ئىشلەپچىقارغۇچى) سېتىۋالغۇچى تەرەپنىڭ (خېرىدار) ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يەتتە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش مەجبۇرىيىتى بار . ئىستېمالچىلارنى مۇددەتنى ئۇزارتىپ تاۋار بىلەن تەمىنلىگەندە كۈندىلىك توختامغا خىلاپلىق قىلىش هەققىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش مۇددىتى ئۇنى هەر خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ هېسابلىنىدۇ . يېڭى قانۇندا ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقاندا تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . ئىلگىرىكىدەك روسىيە فېدېراتسىيىسى مونوپولغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئومۇمىي نازارەت قىلىشنى يولغا قويدى . ئەگەر ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئېلىنىدىغان جەرىمانە سوممىسى بىر مىليون رۇبلىدىن تۆۋەن بولسا يېڭى ماقۇللانغان قانۇندا ئەمگەك ئىش هەققىدىن ئاز دېگەندە 5000 رۇبلى جەرىمانە ئېلىش (رۇسىيىنىڭ هازىرقى ئەڭ تۆۋەن ئىش هەققى 6320 رۇبلى) بەلگىلەنگەن .

ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا ئەرز قىلىشمۇ دائىم ئۇچرايدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى . ئەرز قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئەرز قىلىش هەققىنى بۇرۇن كارخانا ئۈستىگە ئالاتتى . هازىر ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەرز قىلىشقا تەييارلىق قىلىش شۇنداقلا مۇتەخەسسىلەر ۋە قانۇن مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش هەققىنى تۆلەش ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى .

يەنە بىر قىسمىدىكى ئۆزگەرتىش ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك قانۇننىڭ 13 ـ ماددىسىدا ، سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلغان مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىغاندا جەرىمانە سوممىسىنى بېكىتىش هوقۇقىغا ئىگە ، دەپ بەلگىلەنگەن .

## ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادى مۇستەقىللىققا يۈزلەندى

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، ئۆزبېكىستان ستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە ، ئاشلىق ، ئاپتوموبىل ۋە باشقا مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە بولدى . بىرىنچى تۈرلۈك ئېنېرگىيە پىلانى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى ، 1995 ـ يىلى ئۆزبېكىستان بىرىنچى قېتىم تەخمىنەن 50 مىڭ تونىنا نېفىت مەھسۇلاتىنى ئېكسپورت قىلدى . 1991 ـ يىلى 80% نېفىت ۋە

نېفىت مەھسۇلاتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان ئىدى، پەقەت شۇ بىر تۈردىلا 600 مىڭ توننا پاختا تالا توقۇلما بۇيۇملىرى سەرپ بولغان ئىدى. ئۈچىنچى تۈرلۈك ماشىنىسازلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى، ماشىنىسازلىق سانائىتىگە ئىگە بولمىغان ئۆزبېكىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئۆزبېكىستاندا بىر تۈركۇم تۈركىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «مېرسىدېس» ماركىلىق يۈك كۆتۈرۈش ئاپتوموبىللىرى بار. 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنجان ئوبلاستلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىرىنچى تۈركۈم كىچىك ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقاردى. كورىيەنىڭ «Дэу» ماركىلىق ئاپتوموبىلى 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 26 مىڭ دانە ئىشلەپچىقىرىلدۇ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى 200 مىڭ دانە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان ئاشلىقتا ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشلىق تېرىش رايونلىرى پاختا تېرىش رايونلىرىنى سىقىپ چىقىرىدۇ ھەمدە ئالدى بىلەن ئاشلىق تېرىش رايونلىرى سۇغۇرىلىدۇ. ئىسلام. كېرىموۋنىڭ ئالاھىدە يىغىندا ئېيتقىنىدەك 1996 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 17 مىليارد كۇب مېتىر يەرگە ئاشلىق تېرىلىپ دۆلەت بەلگىلىگەن پىلانىنىڭ يېرىمى ئېشىپ كەتتى، دۆلەت ھاۋالە قىلغان بانكا زۆرۈر بولغان مەبلەغنى تەقسىم قىلدى، بۇ مەبلەغلەر يېڭى تېخنىكا، زاپاس ئاشلىق، يېقىلغۇ، خىمىيىلىك ئوغۇت، ئۇرۇق سېتىۋېلىش ۋە تېرىش خىراجىتىگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت پەقەت بىرلا — يەنى يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە ئۆزئۆزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

# ئومان، روسىيە ۋە قازاقىستان بىلەن نېفىت تۇرۇبا يولىنى قۇردى

روسىيە، قازاقىستان ۋە ئومان ئىتتىپاقلاشقان ئارال دېڭىزى نېفىت تۇرۇبا يولى گۇرۇھى شىركىتى 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ قازاقىستاندىن روسىيىنىڭ ئارال دېڭىزى قىرغاقلىرىغىچە بولغان نېفىت تۇرۇبا يولىنىڭ 1 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىنى باشلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ھەممىگە مەلۇم، بۇ قىسمىتى 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تۇرىدىغان تۇرۇبا يولى بىلەن قازاقىستاننىڭ تېنگىز نېفىتلىكىنىڭ خام نېفىتىنى ئېكسپورت قىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاققۇزغان نېفىت مىقدارى يىلىغا 12 مىليون توننا بولغان. 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن (1997 ـ يىلىدىن بۇرۇن) نېفىت ئاققۇزۇش مىقدارى 60 مىليون توننىغا يېتىدۇ. قازاقىستان زۇڭلىسىنىڭ ئېلان قىلىشىغا قارىغاندا، بۇندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە قازاقىستان خەلقئارالىق بازارغا كىرىدىكەن. نېفىت تۇرۇبا يولى قارا دېڭىزغا تۇتاشقاندىن كېيىن قازاقىستان ئاققۇزىدىغان نېفىت مىقدارىنى 20 مىليون توننا ئارتتۇرماقچى.

زۇڭلى يەنە «نېفىتنىڭ ئېچىش ۋە ئاققۇزۇش مىقدارىنى مۇشۇ كۆلەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى ئەڭ كۆكۆلىدىكىدەك مۆلچەردىن ئاشۇرىۋېتىش زۆرۈر» دەپ كۆرسەتتى. بىراق دۆلەت ئىچىدىكى خام نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىش مىقدارى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. نېفىت تەبىئىي گاز سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ مەھسۇلات مىقدارى تۆ-

ۋەنلەپ كەلگەن . خام نېفت مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 23 مىليون 320 مىڭ توننىدىن 20 مىليون 290 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالغان ، تەبىئىي گاز 6 مىليارد 690 مىليون كۇب مېتىردىن تۆۋەنلەپ 4 مىليارد 490 مىليون كۇب مېترغا چۈشۈپ قالغان . ھۆكۈمەتنىڭ نېفت تۇرۇبا يولى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن غەربنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسىغا باغلىق . نۇرسۇلتان نازاربايېۋ «ئوتتۇرا ياۋروپا سودىسى» رېداكسىيىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا : ھالقىلىق مەسىلە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇل ، مەن بۇ پۇلنىڭ روسىيىدىن ، ئامېرىكىدىن ياكى ئوماندىن كېلىشى بىلەن كارىم يوق . ئەڭ مۇھىم نەرسە ماي ئىشلەپچىقىرىش » ، دېگەن . «ئوتتۇرا ياۋروپا سودىسى» ژۇرنىلىنىڭ بايان قىلىشىغا ئوخشاش زۇڭتۇڭنىڭ بۇ سۆزى روسىيە بىلەن قازاقىستان مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

1994 - يىلى روسىيە تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان قازاقىستان بىلەن ئەزەربەيجان ئوتتۇرىسىدىكى نېفت تۇرۇبا يولىنى قۇرۇش كېلىشىمىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقىتتا ، روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قەتئىي قارشى چىققان . لېكىن بۇ كېلىشىم ئاخىرى تەستىقلاندى . ئارال دېڭىزى ئەزەربەيجان چېگرىسىدىكى «ئەزەر» ۋە «چىراق» نېفتلىكلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شېۋرون شىركىتى ، ئەنگلىيە نېفت شىركىتى ۋە ئامىسو شىركىتى رەھبەرلىكىدىكى گۇرۇھ شىركىتىنىڭ پايدىسىدىن 10% نى ئاجرىتىپ نېفت پالۋنى «لوكىر» غا «تەقدىم» قىلغانىدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا قازاقىستانمۇ مۇشۇ يول بىلەن يۇرۇپ ، قاراچاغاناق نېفتلىكىنى ئېچىشتىن قولغا كەلگەن پايدىنىڭ 15%ىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ، پۈتۈن دۇنيا تەبىئىي گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 22% نى ئىگىلەيدىغان تەبىئىي گاز شىركىتى — روسىيە تەبىئىي گاز سانائەت تەشكىلاتىغا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە روسىيىنىڭ نېفت ئېچىشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ ، بۇ رايونلارنىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گاز ئاققۇزۇش مىقدارىنى نازارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ .

## قازاقىستان سودا پائالىيەت مەركىزى تىجارەت باشلىۋەتتى

1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرى ئالمۇتادىكى «قازاقىستان — روسىيە» سودا پائالىيەت مەركىزى خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتكەن . بۇ ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى زۆرۈر . چۈنكى ، بۇ ئىككى دۆلەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي تەرتىپ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان . ئەگەر ، مەبلىغى تولۇق بولغان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە ئىستېمالچىلار بۇ ئىككى دۆلەت بازىرىغا تۇتىشىدىغان يولنى تېپىۋالىدىغان بولسا ، ئوتتۇرا - كىچىك كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرى مالىيە كۈچىنى تەشكىللەپ سېتىلىش يولى ئىزدىشى ھاجەتسىز بولىدۇ .

بۇ مەركەز پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار ئۈچۈن تولۇق مۇلازىمەت يەتكۈزۈپ بەردى يەنى ، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ، ئاشخانىلارنى بېكىتتى ، ئايروپىلان ۋە پويىز بىلەتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى . ئەڭ مۇھىمى ، بۇ يەردە سودا شېرىكلىرىنى تېپىۋېلىشقا بولىدۇ ھەمدە سودا ۋە شەرتنامىلارنى قا-

نۇنى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . ئالمۇتا ۋە موسكۋا شەھەرلىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىرى ھەمكارلىشىش شەرتنامىسىنى تۈزدى ، سانكت - پېتېر بۇرگ شەھەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ مۇشۇ خىلدىكى شەرتنامىنى تۈزۈشكە تەييارلىق قىلدى . قازاقىستان ۋە روسىيىنىڭ نوۋوسىبىرسكى ئوبلاستى ئۇزۇن مەزگىللىك مۇناسىۋەت ئورناتتى . قازاقىستاننىڭ 470 بىرلىكتە باشقۇرىدىغان كارخانىلىرى ئىچىدە 46 سى روسىيە بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇلىدۇ . سودا پائالىيەت مەركىزىگە كىرگەندە ھەر يىلى 3 مىڭدىن 10 مىڭ دوللارغىچە بەدەل تاپشۇرىدۇ . لېكىن ، سودا مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرىگە رازى بولمىغانلارغا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىندى .

# ياپونىيە سودىگەرلىرى قازاقىستانغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ

قازاقىستان ۋە ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى ئۆزئارا ئۆمەكلەرنى ئەۋەتىپ ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشتە ئەڭ مۇھىم رولنى ئوينىدى . 95 - يىلى 6 - ئايدا ئالمۇتادا 2 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىننى ئېچىپ ، 80 نەپەر ياپونىيە سودىگەرلىرىنىڭ قازاقىستان بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىشقا قاتنىشىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى . ياپونىيە كەسپىي چەمبىرىكىدىكىلەر قازاقىستانغا ناھايىتى قىزىقىدۇ . ياپونىيىدىكى ئاساسلىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئالمۇتىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى .

ياپونىيە خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق فوندى ، قازاقىستاننىڭ «دوستلۇق» پويىز ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئېتىبار بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن 72 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى . يەنە 57 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئېكىباستۇز ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بۇلغانغان ھاۋانى تازىلايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ . ئۇنىدىن باشقا يەنە بەزى بىر مۇھىم لايىھە قاتارلىقلار ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرىدۇ . قازاقىستان تەرەپ ۋە ياپونىيە ئاكسىم بانكىسىنىڭ زور مىقداردىكى قەرز پۇل كېلىشىمى ئىمزا قويۇلۇپ بولدى . بۇ پۇلنى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا ئىشلىتىدۇ . ياپونىيە تەرەپ قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي بازىس ئەھلىھەلىرىگە پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى تەتقىق قىلماقچى .

ھازىر قازاقىستاننىڭ ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىدىغان ماللىرى : خروم ، تىتان ، سىنىك قاتارلىق مېتاللار بولۇپ ، ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىدىغانلار : ماشىنا ، ماگنىتلىق لېنتا ، سىنئالغۇ ، ئاپتوماتىك رەخت توقۇش ماشىنىسى ، پولات تۇرۇبا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . 1995 - يىلى بىلەن 1994 - يىلىنى سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىرىش چوڭ ئەمەس ، 1994 - يىلى 36 مىليون 500 مىڭ دوللارلىق ئېكسپورت ، 29 مىليون 200 مىڭ دوللارلىق ئىمپورت قىلىنغان . روشەنكى ، سودىدا ۋاقتىنچە زور مىقداردىكى دۆلەت مەبلىغىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ .

ياپونىيە گۈل تېزىش مۇتەخەسسىسى ئالمۇتىدا گۈللەر بىلەن نەقىش ياساش سەنئىتى ماھارىتىنى كۆرسەتتى . ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي ئەرباب ، كارخانىچى ۋە مەدەنىي پائالىيەتشۇناسلىرى توقۇغان قازاقىستان — ياپونىيە مۇ-

ناسىۋتىننىڭ گۈللىرى تېخى تامامىلانمىدى . بىراق ، ئۇنىڭ (گومانىتار پەنلەر ھەمكارلىقى ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا تاۋار بىلەن تەمىنلەش) ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن بىز تېز ئارىدا ئالىي سۈپەتلىك خەلقئارالىق ھەمكارلىشىشنىڭ سىمۇۋلىنى كۆرۈپ ئالالايمىز .

## قازاقىستان ئاھالىلار سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى يېڭىدىن تارقىتىدۇ

قازاقىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى يېقىندا ئاھالىلار سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋە پاسپورتنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىردى .

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى پاسپورت ۋە ۋىزا خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر . موسايېۋ مۇنداق دېدى : جۇمھۇرىيەت ئاھالىلىرىنىڭ كېيىنكى بېجىرىش ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتىدۇ ، بۇنىڭدىكى سەۋەب كۆپ قىسىم ئاھالىلار بولۇپمۇ يېزا ئاھالىلىرى مەبلەغ جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن پاسپورت ۋە ۋىزا بېجىرىش ئورۇندىكىلەر كارخانا ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ .

سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنىڭ تەننەرخ خىراجىتى 65 تەڭگە ، پاسپورتنىڭ خىراجىتى دۆلەت بانكىسىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا 20 ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ . بىرىنچى ، ئىككىنچى دەرىجىلىك مېيىپلار ، قېرى - چۆرىلەر ماكانىدىكىلەر ، ھۆكۈمەت خىراجىتىدىكى ياتاقلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېجىرىش ھەققى تۆلىمەيدۇ .

16 ياشقا تولغان قورامىغا يەتمىگەن ياشلار ۋە ياشلارغا تارقىتىلغان گۇۋاھنامىنىڭ مۇددىتى 25 يىل ۋە 45 يىل بولۇپ ئۇنىڭغا ئائىلە ئەھۋالى ۋە مىللىتى يېزىلمايدۇ . ئەگەر باشقا بىر رايونغا ئۇزاق مۇددەتلىك يۆتكىلىپ بارسا چوقۇم سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇشى كېرەك . چۈنكى گۇۋاھنامىدە شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ نامى يېزىلغان بولىدۇ .

ئىسمىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلار ئالدى بىلەن توغۇلغان ۋاقتىدىكى ئىسپاتنى ئېلىپ شۇ يەردىكى جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ پاسپورت بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ ئىسىم ئۆزگەرتىش رەسمىيەتىنى ئۆتەيدۇ .

چەت ئەلگە ۋاقىتلىق چىقىدىغانلار يېڭى پاسپورتتىن غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ ، يېڭى پاسپورت دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ . چەت ئەل پاسپورتى ئاپتوماتىك ھالدا يېڭىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ .

پاسپورت بېجىرىش مەركىزىدە ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەر ھەر كۈنى 4000 — 6000 پارچە كېنىشكا بېجىرىدۇ . تىزىمغا ئالدۇرۇشتىن باشلاپ پۈتۈپ چىققىچە بىر پارچە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئىككى ئاي ۋاقىت كېتىدۇ . يېڭى تىپتىكى ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسىدا تەرتىپ ئادىيىلاشتۇرۇلغان .

مۇسايېۋ بارلىق گراژدانلاردىن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى تېزدىن بېجىرىشنى تەلەپ قىلماقتا . ئالماشتۇرۇش ۋاقتى 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولىدۇ .

# روسىيە ئىقتىسادىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان بىر يىل

روسىيە ئىقتىسادىي ئۇچۇر ئىيتقاندا ، 1995 - يىلى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولدى . پۈتۈن ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، 1995 - يىلى ئىقتىسادنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا يەتتى . روسىيە — ياۋروپا ئىقتىسادىي سىياسەت مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى رىچارد . رىئارد يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ، تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولغان شارائىت ئاستىدا ، 2000 - يىلغا بارغاندا روسىيە سانائىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يىلىغا 5% كە يېتىدۇ ، دېدى .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، 1995 - يىلى روسىيە پۇل پاخاللىششىنىڭ پەسىللىك داۋالغۇشىدىن تۈنجى قېتىم غەلىبىلىك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، 2 - ئايدىكى پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تەخمىنەن 3% بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، دۆلەت ئىچىدىكى مەھسۇلات ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تۆۋەنلىشى ئاستىلاشقا باشلىدى ، 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان سودىدىكى تەگىپۇڭ ئاكتىپ بالانس 16 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى .

# روسىيىدە ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسمەيدۇ

روسىيە سامارا ئاشلىق بىرژىسىنىڭ مەسئۇلى ۋالېنتىنا . گورىتكوۋايانىڭ ئېيتىشىچە ، يېقىندا روسىيىدە ئاشلىق باھاسى ئۆسمەيدىكەن . ئەگەر ھوسۇل يىغقان مەزگىلدە ، بۇغدايىنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 900 مىڭ رۇبلى بولسا ، ھازىر بۇغدايىنىڭ باھاسى تۇراقلىق ھالدا ھەر بىر توننىسى 850 مىڭ رۇبلىلىق سەۋىيىنى ساقلاپ تۇرماقتا ، ئەگەر نەق پۇل بىلەن ھېسابات قىلىش شەكلىنى قوللانسا ، بۇغدايىنىڭ ھەر بىر توننىسى 700 مىڭ رۇبلى ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ .

سامارا ئاشلىق بىرژىسىدا قازاقىستان ۋە ئۇكرائىنالاردىن كەلگەن ئاشلىق سېتىشقا مۇناسىۋەتلىك مال باھا تەمىنلەش تالونلىرى تولۇپ كەتكەن ، ھەتتا بۇ تاللونلارنىڭ بەزىلىرىگە ۋولگا رايونىنى بويلاپ كەتكەن رايونلارنى تۆۋەن باھادا بۇغداي بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى يېزىلغان . لېكىن ھازىرغىچە ، بۇ ئاشلىقلارنى سېتىۋالىدىغان خېرىدار چىقمىدى ، شۇ يەرلىك ئۇن تارتىش سانائەتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش يوللىرى بار . ئۇن تارتقۇچى خوجايىنلارنىڭ ئاشلىق بىرژىسىدىن ئاشلىق سېتىۋالمىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىۋالالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا ، سامارا ئاشلىق بىرژىسىدىكى مەسئۇل خادىملار ، 1995 - يىلى 11 - ئاي ۋە 12 - ئايلاردا ئۆستۈرۈلگەن ئۇن ۋە بولكا باھاسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى يوق ، دەپ قارايدۇ .

## روسىيىلىكلەر ئېسىل ئۆنچە - مەرۋايىتنى ياخشى كۆرىدۇ

«يېڭى بىر ئەۋلاد روسىيىلىكلەر» روسىيە ئۆنچە - مەرۋايىت سانائىتىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرىدۇر. روسىيە ئېسىل ئۆنچە - مەرۋايىت بۇيۇملىرىنى سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 30%ى 10% باي خېرىدارلاردىن كېلىدۇ.

«يېڭى بىر ئەۋلاد روسىيىلىكلەر» قىممىتى 30 مىليون رۇبلىدىن 40 مىليون رۇبلىغىچە بولغان ئۆنچە - مەرۋايىت زىبۇ - زىننەتلىرىنى ئېلىشنى خالايدۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا زور تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئۆنچە - مەرۋايىت بۇيۇملىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 350 مىڭ رۇبلىغا يېتىدۇ. ھازىر ئۆنچە - مەرۋايىتتىن ياسالغان ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش كىرىمى مۇسكۋادىن كېلىدۇ.

## ئۇكرائىنا بەزى كان قۇدۇقلىرىنى ئەتمەكچى

ئۇكرائىنا دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد — قانۇن تەتقىقات ئورنى دونباستىكى بىر كان قۇدۇقىنى ئېتىش ئۈچۈن تەخمىنەن 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى..

ئۇكرائىنادىكى ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، زىيان تارتقان 25 كان قۇدۇقىنى ئېتىش ئۈچۈن 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىكەن. كان قۇدۇقلىرىنى ئېتىۋېتىكەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان كان ئىشچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ خىراجەتنىڭ تەخمىنەن 70%ى كېتىدىكەن. چۈنكى ھەر بىر كان ئىشچىسى ئۈچۈن 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تەييارلاش كېرەك. دۆلەتلىك كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى 1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 10 كان قۇدۇقىنى ۋە بىر ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنى، 1996 - يىلى 14 - 15 كان قۇدۇقىنى ئېتىشنى پىلانلىدى.

ئۇكرائىنا كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى ئېغىر مەسىلە «ئۇكرائىنا غەربىي كۆمۈر كان» بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدۇر. كان قۇدۇقلىرىنى ئېتىش 12 مىڭ ئادەمنىڭ خىزمەت مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغىنى 3 مىڭ ئادەمگىمۇ يەتمەيدۇ.

## روسىيە ھۆكۈمىتى ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىدۇ

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ ئەمەلىي مىقدارىنى نازارەت قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتىكى مەقسەت، ئىسپىرتنى ئېھتىياجدىن كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

ھۆكۈمەت يەنە، 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئاۋۋال ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئورنىتىشنى بەلگىلىدى. روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا دۆلەتنىڭ ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى مەخسۇس باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىمتىيازىنى بەردى.

تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنى، ھاراق ئامبارلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

## مەركەزدىكى يەتتە مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت ھەر قايسى سودا ئېغىزلىرىدىكى پۇل يىغىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

دۆلەت پىلان كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، تاموژنا باش مەھكىمىسى ۋە دۆلەت سودا تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ھەر قايسى سودا ئېغىزلىرىدىكى پۇل يىغىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى ئاساسەن چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش، دېڭىز يۈزىدىكى بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش، تاموژنا ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ قارمىقىدىكى تارماقلارنىڭ 1995 ـ يىلىدىن بۇيانقى پۇل يىغىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، چوڭ مەسىلىلەرنى 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە سۈرۈشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا خىزمەت بىناسى بار بولدى

قازاقىستان دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ئېچىش رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت بىناسى بار بولدى. پاۋلودار تراكتور زاۋۇتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قازاقىستان دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچىدە بۇ خىزمەت بىناسىنى قۇرۇشنى پىلانلىغان. لېكىن، مەبلەغ توپلاشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھېلىمۇ ياخشى قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى زور مىقداردا مەبلەغ قوشۇپ بېرىپ بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشتى. بۇ بىنا ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئىجارىگە ئېلىش مۇددىتى 50 يىل، قازاقىستان ئاۋىئاتسىيە ۋەكىللەر باشقارمىسى ھەم بۇنىڭ ئىچىدە. بۇ، قازاقىستاننىڭ جۇڭگودىكى بىرىنچى خىزمەت بىناسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى، قازاقىستانغا بارىدىغان ۋە جۇڭگوغا كېلىدىغان سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە بارمايلا مۇشۇ يەردىلا بېجىرىپ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتەردى.

# تارباغاتاي ۋىلايىتى يەرلىك چېگرا سودىسى ئۈچۈن كەڭتاشا مۇھىت يارىتىپ بەردى

تارباغاتاي ۋىلايىتى چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ چېگرا ئېغىزى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، چېگرا سودا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . تارباغاتاي ۋىلايىتى چېگرا ئېغىزى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ فونكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلىپ ، چېگرا ئېغىزىدىكى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ ، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇردى ھەم ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ ، ئەتكەسچىلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ ، چېگرا ئېغىزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى . سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە ، چېگرا سودىسى ۋە ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋال ، يېڭى مەسىلىلەرنى جانلىق بىر تەرەپ قىلدى . جانلىق بولغان بىلەن قالايمىقان ئەمەس ، كىرىپ ـ چىقىش قولايلىق بولۇپ ، مالنى كۆپ ئۆتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ چېگرا سودىسىنى جانلاندۇردى .

تارباغاتاي ۋىلايىتى ، چېگرا سودىسىدا ئىمپورت ـ ئېكسپورت تىجارەت ھوقۇقى بولغان ۋىلايەت ۋە شەھەرلىك چېگرا سودا شىركەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ، يەرلىك چېگرا سودىسىدىكى ئاساسىي كۈچ رولىنى تولۇق جارى قىلىپ ، سودا ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ ، ئىمپوت ـ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ، رايونلار ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈشلەرنى يارىتىپ ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ يوللۇق ، كۆپ شەكىللىك ۋە كۆپ ئاساسلىق ھالدا چېگرا سودىسىنىڭ يېڭى شەكلىنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، چېگرا ئېغىزىدىكى نامۇۋاپىق پۇل ئېلىش ئىشلىرىنى داۋاملىق تازىلاپ كارخانا ۋە خېرىدارلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ، مۇلازىمەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ چوڭ چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

# روسىيە ئېكسپورت سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى

روسىيە زۇڭلىسى ۋىكتور . چېرنومىركىن يېقىندا ، روسىيىنىڭ ئېكسپورت سىياسىتى ئۆزگەرتىلىدۇ ، دەپ ئېلان قىلدى ھەم دۆلەتنىڭ نېفىت ، تەبىئىي گاز ، مېتال قاتارلىق بايلىقلىرىنى ئېكسپورت قىلىش فاكچېنىغا تەنقىدى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

روسىيە يەنە رۇبلى كارىدورىنى كېڭەيتىش قارارىنى ماقۇللىدى . ھەر قايسى ئېكسپورت قىلىش ئىدارىلىرىنىڭ ئىنكاسى ھەر خىل بولۇپ ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاش سانائىتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قارارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم رۇبلىنىڭ يۇقىرى پېرېۋوت نىسبىتى تۈپەيلىدىن 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئېكسپورت پۇل كىرىمىدە 5 ترىللىئون رۇبلى (2 مىليارد 100 مىليون دوللار) زىيان تارتقانلىقىنى ئېلان قىلدى . روسىيە فېدېراتسىيىسى مېتاللور-

گىيە سانائەتى كومىتېتى بۇ قارارغا نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . ئىگىلەشلەرگە ئاساسەن ، رۇبلى كارىدورىنىڭ سىياسىتى تۈپەيلىدىن ، 1995 - يىلى مېتال ئېكسپورت ۋاقتىدا 8 تىرىللىئون 500 مىليارد رۇبلى زىيان تارتقان . بىراق ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاران 1 تىرىللىئون 200 مىليارد رۇبلى تولۇقلاپ بەرگەن .

## موسكۋا — ياۋروپا بويىچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى پايتەخت

روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋادا 155 خىل ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ياۋروپا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ ، دۇنيا بويىچە ياپونىيە پايتەختى توكيو ، ئوساكالاردىن كېيىن تۇرىدۇ . بۇ ستاتىستىكا قىلىنغان 136 شەھەر قاتناشقان . يۇقىرى باھاغا ئادەتلىنىپ كەتكەن شۋېتسارىيىلىكلەرگە نىسبەتەن باشقىچە تۇيۇلۇپ كەتكىنى : موسكۋادا مال باھاسىنىڭ قىممەتلىكى ، ياۋروپا بويىچە مال باھاسى جەمەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان سىيۇرىخ ۋە جەنۋەلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن . سانكت - پېتېر بۇرگ شەھىرىنىڭ مال باھاسىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ موسكۋانىڭ ئارقىسىدا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ . پارىژ 121 - ئورۇندا ، كىيېۋ 120 - ئورۇندا ، لوندون 106 - ئورۇندا ، مادرىد 101 - ئورۇندا ، رىم 100 - ئورۇندا تۇرىدۇ . ياۋروپادىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئارقىدا تۇرىدىغان شەھەرلەر : براتىسلاۋا ( چېخنىڭ) ، بۇدا پېشت ، سوفىيە ۋە تاللىنلاردىن ئىبارەت .

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان ماي باھاسى ۋە چىگىت كۈنجۈرىسىنىڭ باھاسى

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ، ماي بازارلىرىدىكى قىچا ، ئاپتاپپەرەس مايلىرىنىڭ سودىسى كاساتلىشىپ قالدى . ئايرىم ھالدا بىر توننىسى 8 مىڭ يۈەن ۋە 7 مىڭ 800 يۈەندىن تۆۋەنلەپ 7 مىڭ 500 يۈەن ۋە 6 مىڭ 800 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى . ماي باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن قىچا كۈنجۈرىسى ۋە ئاپتاپپەرەس كۈنجۈرىلىرىنى ھېچكىم سوراپمۇ قويمايدىغان بولدى . بۇنىڭ ئەكسىچە ، چىگىت مېيىنىڭ سودىسى جانلىنىپ ، باھاسى ئۆرلەشكە باشلىدى . چىگىت مېيىنىڭ باھاسى بىر توننىسى 6 مىڭ 500 يۈەندىن 7 مىڭ يۈەنگە چىقىپ ئۆرلەش دائىرىسى 7.69% بولدى .

چىگىت مېيى باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بولغان چىگىت كۈنجۈرىسى ۋە چىگىت شاكىلىنىڭ سودىسى جانلىنىپ كەتتى . چىگىت كۈنجۈرىسىنىڭ باھاسى بىر توننىسى 1050 يۈەندىن ئۆرلەپ 1200 يۈەنگە چىقىپ ئۆرلەش دائىرىسى 14.28% بولدى .

## قازاقىستان ئۈرۈمچىدە ئاۋىئاتسىيە سودا مۇلازىمەت ئورنى قۇردى

قازاقىستان ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدە سودا مۇلازىمەت ئورنى قۇردى، بۇ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەلدە 50 - يىللاردىكى ئۇسلۇبتا قۇرغان بىناسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇندىن كېيىن جۇڭگو گراژدانلىرى، قازاقىستانغا بېرىپ ساياھەت قىلغۇچىلار ۋە سودىگەرلەر بېيجىڭغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەممىسمۇ، ئۈرۈمچىدىكى بۇ ئىش بېجىرىش ئورنىدا بارلىق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ سودا مۇلازىمەت بىناسىنى قازاقىستان دۆلەت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن پاۋلودار تراكتور زاۋۇتى بىرلىكتە پاي قوشۇش شەكلى ئارقىلىق قۇرغان، مالىيەدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەندە قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى زور مەبلەغ بىلەن ياردەم قىلدى.

قازاقىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە پۈتۈن ھوقۇقلۇق ئەلچىسى سۇلتانوۋ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ سودا مۇلازىمەت ئورنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرى قازاقىستاننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سودا مۇلازىمەت ئورنىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ سودا ساياھەت ۋە مەبلەغ سېلىش دائىرىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە چېگرا سودىسىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ماللىرىنى قازاقىستان ئارقىلىق ياۋروپاغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## شىنجاڭ قوغۇن ئېكسپورت باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى

ئېكسپورت قىلىنىدىغان قوغۇنلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد سودا نازارىتى بىر نەچچە يېڭى بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. تاشقى ئىقتىساد سودا مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد سودا نازارىتىگە تەستىقلەپ چۈشۈرۈپ بەرگەن «قوغۇن، نەشپۈت ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى»نى ئەستايىدىل قاتتىق ئىجرا قىلىش، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش؛ 2. قوغۇن ئېكسپورت قىلىش تىجارىتىنى نىسپىي مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يەرلىك ۋە بىڭتۇەن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاز ساندىكى بىر نەچچە تىجارەت ئىقتىدارى بولغان تاشقى سودا شىركەتلىرى بىلەن بىرلىكتە قوغۇن ئېكسپورت قىلىش تىجارىتىنى تۇتۇش؛ 3. ئېكسپورت قىلىنىدىغان قوغۇنلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى قاتتىق بەلگىلەش. ئۆلچەمگە توشمىغانلىرىغا قارىتا «ئۆچ قىل-

ماسلىق»نى قاتتىق ئىجرا قىلىش ، يەنى : ئىشلەپچىقىرىش جايىدىكى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئۆزۈشىگە رۇخسەت قىلماسلىق ؛ سودا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ سۈپەتتە ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق ؛ تاشقى ئىقتىساد سودا نازارىتىنىڭ ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق ؛ 4 . بىر تۇتاش ئەڭ يۇقىرى سېتىلىش باھا چېكى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئېكسپورت باھا چېكىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ، يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ تۆۋەن باھادا رىقابەتلىشىپ سېتىشنى قەتئىي توسۇش ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئېكسپورت نورمىسىنى كېمەيتىش ، ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى بەرمەسلىك ، ئېكسپورت تىجارەت هوقۇقى لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلاشقىچە جازالاشتىن ئىبارەت .

## قازاقىستان بىلەن ئامېرىكا بىرلىكتە نېفىت تەبىئىي گاز ئاچماقچى

ئامېرىكىدىكى « موبىل» خەلقئارا نېفىت شىركىتى پۈتۈن دۇنيادىكى باي رايونلاردىن ئېنېرگىيە مەنبەلىرى ئېچىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىزلىمەكتە . ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن رايونلارغا يېقىندا مەبلەغ سېلىنىدى . مول ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە قازاقىستانمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە .

قازاقىستان دۇنيادىكى 10 چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ مول تەبىئىي بايلىق ۋە ئەمگەك بايلىقىغا ئىگە ، زور نېفىت تەبىئىي گاز زاپىسى ۋە مېتال كانلىرى شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك بايلىقىغا ئىگە . نۆۋەتتە قازاقىستان بۇ بايلىق مەنبەلىرىنى خەلقنىڭ بايلىقىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ .

قازاقىستان هۆكۈمىتىمۇ «موبىل» شىركىتىنى تاللىۋالدى . بۇ شىركەت ئامېرىكىدىكى دۇنيا ئالتە چوڭ مالىيە تەشكىلاتىغا قاتناشقان بىردىنبىر شىركەت بولۇپ ئۇ كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرىدىغان شېرىكلەشكەن شىركەتتۇر ، ئۇ ئىلگىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدىكى 101 مىليارد 250 مىليون كۋادرات مېتىر يەردە يەنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىستىقباللىق يەردە كاربون - گىدرىد بىرىكمىلىرى كانىنى تەكشۈرۈش ۋە كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان . 1997 - يىلى لايىھە تاماملانغان ۋاقىتىدا « موبىل» شىركىتى باشقا خۇسۇسىي شىركەتلەر بىلەن بىرلىكتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەكشۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئېنىق ئورنىغا ئېرىشىشى مۇمكىن .

قازاقىستان هۆكۈمىتىنىڭ دىققەت قىلغىنى « موبىل» شىركىتىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرى ، بۇ شىركەت ئىلگىرى مېكسىكا قولتۇقىدىكى ئېكولوگىيىسى سەزگۈر رايوندا خىزمەت قىلغان ، ئۇ رايوننىڭ شارائىتى كاسپىي دېڭىزىنىڭكىدىن ياخشى بولۇپ ، ئۇلار نېفىت ، كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىپ ، پىششىقلاپلا قالماستىن ئۇسېتىر بېلىقىنىڭ تۇخۇم تۇغۇش رايونىنى قوغداپ قالدى .

«موبىل» شىركىتى مول ئۇنۇملۇك لايىھەلەرنى توپلىدى ، بۇ مۇرەككەپ لايىھەلەر «موبىل» شىركىتىنىڭ دۇنيا خەلقىگە زور مەبلىغى ، يۇقىرى تېخنىكىلىرى ۋە مول باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كۆرسىتىشنىڭ ئىپادىلىنىشى .

يېقىندا « موبىل» شىركىتى قازاقىستان هۆكۈمىتى بىلەن شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇش كېلىشىمىنى هەمدە تۇربال رايونىدا نېفىت تەبىئىي گاز ئىزلەش ، تەكشۈرۈش ، پىششىقلاپ ئىشلەش توختامىنى ئىمزالىدى ، ئورنى قازاقىستاننىڭ غەر-

بىي شىمالىي قىسمىدا بولۇپ كۆلىمى 16 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ كارخانىلار تۇربال رايونىغا پائال يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

بۇرۇنقى ئىزلەش ۋە تەكشۈرۈش قاچان باشلانغانلىقى نامەلۇم. نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئىزلەش، ئېچىش ۋە توشۇش قىيىن ھەم مۇشكۈل خىزمەت شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستىقبالىمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

قازاقىستان — مەبلەغ سېلىش كەلگۈسى پارلاق دۆلەت. «موبىل» شىركىتى قازاقىستان بىلەن ھەمكارلاشقىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىدا ئوينىغان رولىدىن پەخىرلىنىدۇ.

## قازاقىستاندا يەنە بىر تاموژنا تەسىس قىلىندى

1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قازاقىستاننىڭ سودا - سانائەت ھەمكارلىق مەركىزىدە «ئاتا كەنت» تاموژنىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ قازاقىستاندىكى يەتتىنچى تاموژنا بولۇپ تاموژنا كومىتېتىغا قاراشلىق مۇستەقىل ئورگاندۇر.

تاموژنا كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن يېڭى تاموژنىنىڭ باشلىقى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلارغا مۇنداق دېدى: يېڭى تاموژنا ئورگىنىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئالمۇتادا ئېچىلىدىغان يەرمەنكە، قەرەللىك ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار، چەت ئەل ئورگانلىرىنىڭ مال - مۈلۈكلىرى، ئەلچىخانىنىڭ مۈلۈكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالمۇتادىكى ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدۇ. 95 خەلقئارادا تەشكىلات، 250 نەچچە چەت ئەل شىركەتلىرى ياكى ۋە كالەتخانا يېڭى تاموژنىنىڭ خېرىدارى بولدى. «ئاتا كەنت» تاموژنىسى قاراتمىلىق ھالدا تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە بىلەن ھەمكارلىق ۋە سودا يەرمەنكىسىنى، قازاقىستان سودا - سانائەت ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ تاشقى سودا دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. 1995 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا تاموژنا خادىملىرى 34 قېتىملىق خەلقئارا يەرمەنكە ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

ئىنچىكە تاللاش ئارقىلىق «ئاتا كەنت» تاموژنىسى 360 نەپەر خىزمەتچى قوبۇل قىلدى. ئۇلار كۆپ خىل چەت ئەل تىلى بىلىدۇ، ئالىي تەربىيە كۆرگەن ھەم تاموژنا خىزمىتى تەجرىبىسىگە ئىگە.

## بەش تۈرلۈك سۇلياۋ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدۇ

ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مۆلچەر قىلىشىچە، بۇندىن كېيىن تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك سۇلياۋ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بازىرى ياخشى بولۇپ، سېتىلىش مىقدارى ئاشىدىكەن.

1. سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىيالى. مەسىلەن، قۇرۇلۇشلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تۇرۇبىلىرى، نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى، توك سىمى يۆلەندۈرۈش تۇرۇبىسى ھەمدە كۆمۈر گازى تۇرۇبىسى، پولنى نۇر بىلەن ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىدىغان تۇرۇبا قاتارلىقلار.

2. سۇلياۋ بېزەش ماتېرىياللىرى. بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ تام قەغىزى، ئاچ رەڭلىك سۇۋالغۇغا گۈل بېسىلغان تام رەختىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ خىمىيىۋىي قاپارتما نەقىشلىق ۋە پې-

تىنىقى تاختىغا گۈل چىقارغان تام قەغىزى قاتارلىقلار بار.

3. سۇلياۋ ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ھىملىقى ياخشى، ئاۋاز ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدۇ، رېمونت قىلىش قولايلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار.

4. سۇلياۋ پول ماتېرىياللىرى، مەسىلەن: سۇلياۋ پول، سۇلياۋ پول يۆگەلمە ماتېرىياللار، سۇلياۋ گىلەم قاتارلىقلار.

5. سۇلياۋ تازىلىق ئەسۋابلىرى ھەمدە سۇلياۋ ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى، بولۇپمۇ كۆپتۈرمە سۇلياۋنى ئۆي قۇرۇلۇشلىرىغا، سوغۇق ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلەتسە بولىدۇ.

## قازاقىستان دورا بازارلىرىنى تەرتىپكە سالدى

قازاقىستاندا 200دىن كۆپرەك سودا شىركىتى ۋە 90 نەچچە ھەسسىدارلىق دورا ياساش ئورۇنلىرى (سابىق داۋالاش ۋە دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش ئىدارىسى) ھەر خىل دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھازىر كىشىلەر ئۆزلىرى ئىستېمالچى بولغان دورىلارنىڭ سۈپىتىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئورۇنلار دۆلەتنىڭ دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش تەكشۈرۈش مەركىزىگە تىزىملىتىلمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەركەز ئادەتتە دورا ساقلاش ئۇسۇلىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە، تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش ئىسپاتنامىسى ۋە تىجارەت ئىجازەتنامىسىنىڭ بار - يوقلۇقىغا مەسئۇل بولىدۇ. سەھىيە تارماقلىرى دورا، دورىغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك ئىممۇنىتلىق دورا ياسالمىسى، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، باللار ئويۇنچۇقى، ناركوز قىلىش بۇيۇملىرى، داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش دورىلىرى، باللار يېمەكلىكى ۋە دورىلىق قىممەتكە ئىگە ھۆسۈن تۈزەش بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش ئىسپاتنامىسىنى ئايرىلاپ تەكشۈرىدۇ، ئەگەر يۇقىرىدىكى تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرگەندە ئىسپاتنامە بولمىسا، مېلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇن بولسۇن ياكى يەككە كارخانىلار بولسۇن ھەممىسىنىڭ تىجارەت قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئالمۇتا ئوبلاستىدىكى دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ، تىزىملىتىلمىغان ئورۇنلارنىڭ دورا سۈپىتىنى تەكشۈرگەن ئىسپاتنامىسى يوقلۇقىنى، بەزى ئورۇنلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى يوقلۇقىنى، ھەتتا بىر قىسىم دورىلارنىڭ شەخسلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى، دورا ساقلاشقا دىققەت قىلىنمىغانلىقىنى بايقىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا، تىجارەت قىلىش كىنىشكىسى يوق بەزى كىچىك ئاپتېكىلارنى تىجارەت قىلىشتىن توختاتتى.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر دورا بازارلىرىدىن يەنىلا ئەندىشە قىلماقتا، چۈنكى بۇ بىر مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، 1996 - يىلى 1 - ئايغىچە پەقەت 25 كارخانىغا 289 پارچە دورا سۈپىتىنى تەكشۈرۈش كىنىشكىسى تارقىتىلدى، ھازىر قازاقىستاندا كىشىلەر دورا سېتىۋالغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدى.

## قازاقىستاندا خۇسۇسىيلىششىش تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا

قازاقىستاندا خۇسۇسىيلىششىش تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ ، باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش مەملىكەت بويىچە قەرەللىك ئېلىپ بېرىلماقتا. 1995 ـ يىلى غەربىي قازاقىستاندىكى بىر كىچىك باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش بازىرىدا 103 سودا ـ سانائەت گەۋدىلىرى سېتىلىپ كەتتى ، پۇتۇلۇش سوممىسى 90 مىليون تەڭگىگە يەتتى ؛ سېمىپالاتىنىسكى ئوبلاستىدا 1995 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە ئوخشاش بولمىغان 90 سودا ـ سانائەت گەۋدىلىرى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش بازىرىدا سېتىلىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالمۇتادىكى سودا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى. سېتىلىدىغان سان كۆپ بولغانلىقتىن (400 نەچچە) بىرىنچى قېتىمدىلا ئىككى كۈن سەرپ قىلىندى.

ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قازاقىستاندا نەق پۇلغا ئېرىشىدىغان ئۇسۇلغا ئايلىنىپلا قالماستىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر. ئىقتىسادىي ئايلىنىشتا نۇرغۇن كارخانىلار تۇرمۇشنى ئارانلا قامدايدۇ ، باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئارقىلىق كارخانا يەنە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى ، دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىمدا باج يىغىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپ مەبلەغقە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا يېڭى خىزمەت ئورنى تەسىس قىلغىلى بولىدۇ ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ، مۇلازىمەت سۈپىتى ، تاۋارلارنىڭ سانى ۋە رىقابەت كۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

## روسىيە بىلەن ئۇكرائىنا بىرلىشىپ يولۇچىلار ئايروپىلانى ياساش شىركىتىنى قۇرماقچى بولدى

ھازىر ، روسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى تىپتىكى زور يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ياساشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ ناھايىتى جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ، روسىيە بىلەن ئۇكرائىنا يېڭى سىبىرىيىدە شېرىكلىشىپ يولۇچىلار ئايروپىلانى ياساش شىركىتىنى قۇرماقچى بولدى ، بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن. مەبلەغنىڭ جىددىي بولۇش زىددىيىتى ھەل بولىدۇ.

بۇ شىركەت ھەر يىلى يەرلىك ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئۈچۈن 100 دانە يېڭى تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانىنى ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىماقتا. روسىيىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، بۇ شىركەت ھەر يىلى 150 دانە ئايروپىلاننىڭ زاكاز تالونىنى تاپشۇرۇۋالىدىكەن.

# تەھرىر ھەيئىتى


باش تەھرىر : جالڭ يۆجژ ، نەجمىددىن نىزامىددىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىفە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) خەمىد خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم
ھېسامىددىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان تۇردى ، ئېلى مەمەت
ئىلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : پېڭ جىڭخۇەن



باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : « ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى »ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65– 1133 / N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 _ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .